
چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

دانىيېل دېفو [ئەنگلىيە]



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت- فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇرغۇنجان سۇلتان

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

ئېرجان تۇلەۋ

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: تۇرغۇنجان ئۇنىيار

ھەبىبۇللا ئېلى

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئۇبۇلقاسىم



ISBN 978-7-80658-937-3

9 787806 589373 >


باھاسى: 7.50 يۈەن

چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

# روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى

## دانىيېل دېفو [ئەنگلىيە]

تەرجىمە قىلغۇچى: رەيھان هوشۇر



بۇ كىتاب جۇڭگو باللار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىنىڭ 2000-يىل 12-ئاي 1-نەشرى 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.


چەت ئەل نادىر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما

**روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى**

---

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ مورتوم (MORTOM) مەتبەئەچىلىك چەكلىك
شىركىتىدە بەت ياسالدى
شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
2006-يىل 5-ئاي 1-نەشرى، 2009-يىل 8-ئاي 2-بېسىلىشى
فورماتى: 787×970 mm 1/32 : باسما تاۋىقى: 7.25
ISBN 978-7-80658-937-3

---

باھاسى: 7.50 يۈەن

本书根据中国少年儿童出版社 2000年 12 月第 1 版第 1 次印刷版本翻译出版。

责任编辑：吐尔洪江 · 苏里坦
美术编辑：阿扎提 · 巴拉提
叶尔江 · 铁流
责任校对：吐尔洪 · 吐尼亚孜
艾比布拉 · 艾力
审　　定：亚森 · 吾不力哈斯木

世界经典文学作品赏析

鲁宾逊漂流记（维文）

热依罕 · 吾守尔　译

新疆美术摄影出版社出版
新疆新华书店发行
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司制版
新疆新博文印刷有限公司印刷
2006年5月第1版　2009年8月第2次印刷
开本：787×970 毫米　1/32　印张：5.75
ISBN 978-7-80658-937-3

定价：7.50元
如遇质量问题请与新疆美术摄影出版社出版科联系
电话：0991－4521461

## 图书在版编目（C I P）数据

鲁滨逊漂流记／（英）笛福(Defoe,D.)著;格非改编；热依罕·吾守尔译.—乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社，2009.6

ISBN 978-7-80658-937-3

Ⅰ.鲁… Ⅱ.①笛…②格…③热… Ⅲ.长编小说－英国－近代－缩写本－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.1561.44

中国版本图书馆CIP数据核字（2009）第037225号

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

دانىيېل دېفو (1660 — 1731) ئەنگلىيە رومانچىلىقى ۋە گېزىت ـ ژۇرنالچىلىقىنىڭ ئاتىسى، 18 ـ ئەسىر ئەنگلىيە رېئالىزم رومانچىلىقىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ ئەنگلىيىنىڭ دۆلەت دىنىغا قارشى پروتېستانت دىنى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەلۇماتقا ئىگە. دېفو ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىنى كاپىتالىستىك ئىپتىدائىي جۇغلىنىش دەۋرىدە، يەنى بۇرژۇئا ھاكىمىيىتى كۈنسايىن مۇستەھكەملىنىۋاتقان، ئەنگلىيە قول سانائەت ئىشخانىلىرى ماشىنىلاشقان ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ تەرەققىي قىلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ئۆتكۈزگەنىدى.

دېفو دۇنياغا كەلگەن 1660 ـ يىلى فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ستۇئارت سۇلالىسى ئەنگلىيىدە يەنە قايتىدىن باش كۆتۈردى، تاكى ئۇ 28 ياشقا كىرگەن يىلىلا ئاندىن بۇرژۇئازىيە ستۇئارت سۇلالىسىنى تەختتىن قوغلاپ چۈشۈردى. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئەنگلىيە كاپىتالىزمى تېخىمۇ ئوگۈشلۈق تەرەققىيات يولىغا قاراپ ماڭدى.

دېفونىڭ ئائىلىسى بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ

ئوتتۇرا ـ تۆۋەن قاتلىمىغا تەۋە بولۇپ، ئاتىسى قاسساپ-لىق تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئەينى ۋاقىتتا بۇ قاتلام ستۇئارت سۇلالىسىگە قارشى ئەڭ كۈچلۈك قاتلام ئىدى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئەنگلىيە دۆلەت دىنىغا ئېتىقاد قىلماستىن، بەلكى پروتېستانت دىنى-نىڭ باشقا مەزھەپلىرىگە ئېتىقاد قىلاتتى. شۇڭلاشقا ئۇلار مەمۇرىي ۋەزىپىلەرنى ئۆتىيەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ ئۆز دىنىي مەكتەپلىرى ۋە دىنىي جەمئىيىتى بار ئىدى. دېفو مانا شۇنداق ئائىلىدە ۋە مەكتەپتە ئۆسۈپ يېتىلگەن، 20 نەچچە ياشقا كىرگەندە ئۇ ئاللىقاچان ئۇششاق تىجارەتچى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىچ كىيىم سودىسى بىلەن شۇ-غۇللانغان، پايپاق، هاراق، تاماكا سودىسى قىلغان، ئىس-پانىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە بارغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سىياسىي پائالىيەتلەرگىمۇ قات-ناشقان.

1688 ـ يىلىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە كاتولىك دىنىغا قارشى كۈرەشكە ۋە ۋىلىيامنىڭ پادىشاھ ئارمىيىسىگە قاتناشقان. 1692 ـ يىلى ۋەيران بولغاندىن كېيىن ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى قىلىپ، ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامداشقا مەجبۇر بولغان. ھۆكۈمەتنىڭ مەخپىي ئالاقىچىسى بول-غان، كەسىپلەرنى ئېچىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى

پىلانلىغان، كېيىن ئۇ ژۇلىيامىنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە نائىل بولۇپ، خىش زاۋۇتى قۇرغان.

1697 ـ يىلى ئۇ سىياسىي ماقالىسى «پىلان ھەققىدە مۇھاكىمە» نى ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىنى ئىسلاھ قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەرىپەتچىلىك ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. 1698 ـ يىلى «گۇللەندۈرۈش ھەققىدە»نى ئېلان قىلىپ، تاشيوللارنى ئۆزگەرتىش، بانكا ئېچىش، تاپاۋەت بېجى ئېلىش، سۇ، ئوت سۇغۇرتىسى تەسىس قىلىش، ساراڭلار دوختۇرخانىسى قۇرۇش، قىزلار مەكتىپى ئېچىش قاتارلىقلار توغرىسىدا تەكلىپلەرنى بەرگەن. 1702 ـ يىلى ئۇ «ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەپلەرنى يوقىتىش ئۇسۇلى» دېگەن كىچىك كىتابچىنى نەشر قىلدۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ غەيرىي دۆلەت دىنىدىكى باشقا دىن مۇرىتلىرىنى باستۇرىدىغان دىنىي كەمسىتىش سىياسىتىنى مەسخىرە قىلغان. ماقالە ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن يېزىلغان بولۇپ، دەسلەپتە سېزىلمىگەن، كېيىن ماقالىدىكى گەپ ـ سۆزلەر مەنىسىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكى بايقىلىپ، ئالتە ئايلىق تۈرمىگە تاشلانغان ھەمدە لوندوندىكى بىر مەيداندا ئۈچ كۈن سازايى قىلىنغان. سازايى قىلىنغان بىرىنچى كۈنى دېفو «سازايى ناخشىسى»نى يېزىپ قارشىلىق بىلدۈرگەن. ئەتراپتىكى لوندون شەھەر خەلقى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق

قىلغان، ئۇنى قوللىغان. ئۇ سازايىي قىلىنمۇاتقان ۋا-
قىتتا، كىشىلەر ئۇنىڭغا گۈلچەمبىرەكلەرنى ئاسقان،
ئۇنىڭغا تاج كىيدۈرۈپ بەخت تىلىگەن ۋە قەھرىمان دەپ
نام بەرگەن. شۇ يىلى 11 ـ ئايدا ۋەزىر ھاللى مۇناسىۋەت
ئارقىلىق ئۇنى تۈرمىدىن كېپىللىككە ئېلىپ چىقماق-
چى بولغان، لېكىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. كېيىن
دېفو ھۆكۈمەتتىكى ۋەزىرلەر ئۈچۈن ئىشلەپ، ئاخبارات
توپلىغان ھەم گېزىتلەرنى تەھرىرلىگەن. 1704 ـ يىلى-
دىن 1716 ـ يىلىغىچە ھاللى ئۈچۈن «مۇھاكىمە» ژۇر-
نىلىنى چىقىرىپ، جامائەت پىكرى توپلىغان ۋە ئاخبارات
يىغقان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىياسىي ۋە ئىقتىسادقا
مۇناسىۋەتلىك بىرمۇنچە ماقالىلەرنى يازغان، ماقالىدە
ئىشلىتىلگەن گەپ ـ سۆزلەر تۇپەيلى ئۇ يەنە ئۈچ قېتىم
قولغا ئېلىنغان.

دېفونىڭ ھاياتىدىكى ئاساسلىق پائالىيەت يېزىقچى-
لىق بولماستىن، بەلكى سودا بولغان. ئۇنىڭ سىياسىي
ۋە ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئەسەرلىرىدە خېلى بۇرۇنلا
«ئەركىن سودا» نەزەرىيىسى ھەمدە ئەنگلىيە كاپىتالىس-
تىك ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق بولغان نۇر-
غۇنلىغان ياخشى پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مەيلى
نەزەرىيە جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمەلىيەت جەھەتتە
بولسۇن، ئۇ ئوتتۇرا ـ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ جارچىسى
ئىدى.

1719 ـ يىلى ئۇ تۇنجى ھەم شۇنداقلا شۆھرەت قا-زانغان ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى «روبىنزون-نىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق ئەسىرىنى نەشر قىلدۇردى. بۇ ئەسەر يېرىم يىلغا بارمايلا كەينى ـ كەينىدىن ئۇدا تۆت قېتىم نەشر قىلىندى، ئارقىدىنلا ئۇ يەنە بىر تۈركۈم ھېكايىلەرنى يازدى. بۇنىڭ ئىچىدە تەۋەككۈلچى-لىك ھەم سەرگەردانلىق خاراكتېرىدىكى ھېكايىلەردىن «كاپىتان سىنگىتون» (1720 ـ يىلى)، «مول فولاندېس» (1722 ـ يىلى)، «پولكوۋنىك جېك»، «لوكنېر» (1724 ـ يىلى) قاتارلىقلار بار.

تارىخنى ھېكايىگە سىڭدۈرۈپ يازغان ئەسەرلىرىدىن «ۋابا يىللىرىدىن خاتىرە» (1722 ـ يىلى)، «بىر چەۋەن-دازنىڭ ئەسلىمىسى» (1724 ـ يىلى)، «ۋېل خانىمىنىڭ كارامىتىنى كۆرستىش خاتىرىسى» قاتارلىقلار بار بو-لۇپ، بۇ ھېكايىلەردىكى پېرسوناژلارنىڭ پسىخىك ھا-لىتىنى تەسۋىرلەش ھازىرقى زامان ھېكايىلىرىگە ئوخ-شاپ قالاتتى.

دېفونىڭ ھېكايىلىرىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلار-نىڭ كۆپچىلىكى رېئال تۇرمۇشتىكى ئوتتۇرا ـ تۆۋەن قاتلام كىشىلىرى بولۇپ، بۇ ئەنگلىيە ھېكايىچىلىقى-دىكى يېڭى ئامىل ئىدى.

19 ـ ئەسىرگە كەلگەندە، ئوتتۇرا ـ تۆۋەن قاتلام كى-شىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ۋە تەقدىرى ئەنگلىيە تەنقىدىي

رىئالىزملىق ئەدەبىياتىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىدى ۋە تەسۋىرلەش ئوبيېكتىغا ئايلاندى.

دېفو ئۆمرىدە بوينىغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ ئۆتكەن. 1731 ـ يىلى ئۇ قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆي ـ ماكانىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن، لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي ياقا يۇرتتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

# بىرىنچى باب

مەن 1632 ـ يىلى يورك شەھىرىدە بىر يۇقىرى تەبىقە ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدىم. بىز يەرلىك ئەمەس ئىدۇق. دادام گېرمانىيىنىڭ برېمېن شەھىرىدىن بولۇپ، ئۇ ئەنگلىيىگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە خۇل شەھىرىدە تۇرۇپ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىپ خېلى كۆپ مال ـ دۇنيا تاپقان، ئاندىن يورك شەھىرىگە كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەمدە شۇ يەردە ئاپامنى ئەمرىگە ئالغان. ئاپامنىڭ ئاپىسىنىڭ فامىلىسى روبىنزون بولۇپ، شۇ يەردىكى نوپۇزلۇق ئائىلىلەردىن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، ئائىلىمىزدىكىلەر ماڭا روبىنزون كرېۋتىز دەپ ئىسىم قويغان. لېكىن، ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن «كرۇزو» دەپ ئاتالدىم. شۇڭا دوستلىرىم مېنى كرۇزو دەپ چاقىرىشاتتى.

مېنىڭ ئىككى ئاكام بار ئىدى. چوڭ ئاكام فلاندرىدىكى ئەنگلىيە پىيادە ئەسكەرلەر پولكىنىڭ پودپولكوۋنىكى ئىدى. مەشھۇر پولكوۋنىك لوكخارت ئىلگىرى

مۇشۇ قىسىمغا يېتەكچىلىك قىلىغان. چوڭ ئاكام دونكىرىكقا يېقىن جايدىكى ئىسپانىيىلىكلەر بىلەن بولغان سوقۇشقا قاتنىشىپ، جەڭدە قازا قىلغان. ئىك-كىنچى ئاكامنىڭ ئىز - دېرىكىنى خۇددى ئاتا - ئانام مېنىڭ ئىز - دېرىكىمنى بىلمىگىنىگە ئوخشاش ھا-زىرغىچە بىلمەيمەن. مەن بالىلارنىڭ كەنجىسى ئىدىم، تىرىكچىلىك قىلغۇدەك ھېچقانداق ھۈنىرىم بولمىغاچقا، كىچىكىمدىن تارتىپلا يىراق دېڭىز - ئوكيانلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىشنىلا خىيال قىلاتتىم. ياشىنىپ قالغان دادام مېنى خېلى ياخشى تەربىيىگە ئىگە قىلغانىدى. ئۇ مېنى ياتاقلىق مەكتەپتە ئوقۇتقان؛ يەنە تېخى يېزىدىكى مەكتەپتىمۇ ئوقۇتقان؛ ئۇ، كەلگۈسىدە قانۇن ئۆگىنى-شىمنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچ-بىرىگە قىزىقمايتتىم. پەقەت دېڭىزدا ساياھەت قىلىش-نىلا ئويلايتتىم.

مەن دادامنىڭ ئارزۇ - ئۈمىدلىرىنى پۈتۈنلەي يەردە قويدۇم، ھەتتا دادام بىلەن قارشىلاشتىم. ئاپامنىڭ سە-مىمىي ئۆتۈنۈشلىرى ۋە دوستلىرىمنىڭ نەسىھىتىنىمۇ ئاڭلىمىدىم. بۇ خىل خاراكتېرىم مېنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختسىز تەقدىرىمنى ئالدىن بېكىتىپ قويغان ئىكەن. دادام يىراقنى كۆرىدىغان، ئېھتىياتچان ئادەم ئىدى. ئۇ، مېنىڭ پىلانىمنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، دائىم ماڭا ئەستايىدىل نەسىھەت قىلاتتى ۋە



نۇرغۇنلىغان پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرەتتى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ مېنى ياتاق ئۆيىگە چاقىرىپ، ئىنتا- يىن سەممىمىي تەربىيە بەردى. دادام، ئۇلاردىن ئايرىلىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشۈمنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوق- لۇقىغا، شۇڭا دېڭىزغا بېرىپ ئىگىلىك يارىتىپ ھايات كەچۈرۈشتىن ئىبارەت مۇنداق تەۋەككۈلچىلىكنىڭ ماڭا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىقىغا مېنى ئىشەندۈرۈشكە تىرىش- تى. ئۇ ماڭا، ئەگەر تىرىشىپ ئىشلىسەملا كەلگۈسىدە خاتىرجەم، راھەت تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىمنى ئېيتتى. ئۇ يەنە ماڭا: ئوتتۇرا تەبىقىدىكىلەرگە لايىق ئىگىلىك تىكلىشىمگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتتى. بىراق دادام مېنىڭ بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇشقا قوشۇلمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلغىنىدا مېنى ئاگاھلان- دۇرۇپ، ئەگەر ئۆز بېشىمچىلىق قىلساڭ تەڭرى سېنى كەچۈرمەيدۇ، ئۇ چاغدا نەسىھىتىمگە قۇلاق سالمىغانلى- قىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلىسەن، دېدى. ئەمدى ئويلاپ باقسام، دادامنىڭ كېيىنكى بىرقانچە ئېغىز سۆزى نا- ھايىتىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن ئېيتىلغان ئىكەن. ماڭا ئايانكى، مېنىڭ مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلى- قىمنى ئەينى چاغدا دادام ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئەمما دادام يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلىۋاتقان چاغدا كۆز ياشلىرىم تاراملاپ ئاققان. بولۇپمۇ، ئاكامنىڭ جەڭدە ئۆلگەنلىكى- نى، جەسىتىنىڭ جەڭ مەيدانىدا قالغانلىقىنى، مېنىڭمۇ

كېيىن پۇشايماندا قالىدىغانلىقىمنى ئېيتىۋېتىپ، يە-
غىدىن گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالغانىدى.

مەن شۇ قېتىمقى سۆھبەتتىن ئىنتايىن تەسىر-
لەنگەنىدىم. شۇنداق، بۇنداق سۆزلەردىن كىممۇ تەسىر-
لەنمەي تۇرالىسۇن؟ مەن دېڭىزغا بېرىپ سەپەر قىلىش
نىيىتىمدىن يېنىپ، دادامنىڭ ئارزۇسى بويىچە كۆڭلۈم-
نى توختىتىپ ئائىلىدە قېلىشقا بەل باغلىدىم. لېكىن
بىرنەچچە كۈن ئۆتە ـ ئۆتمەيلا، ۋەدىلىرىمنى پۈتۈنلەي
ئۇنتۇدۇم. كۆڭلۈمدە جاھان كېزىش ئىستىكى قايتا
قوزغالدى. بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىش خىيالىمغا
كىرمەيتتى. بىر كۈنى ئاپامنىڭ خۇشال ۋاقتىدىن پاي-
دىلىنىپ ئۇنىڭغا: ئەگەر ياخشىسى دادام مېنىڭ دېڭىزغا
چىقىشىمغا ماقۇل بولسۇن، قېچىپ كېتىشىمدىن ھە-
زەر ئەيلىسۇن، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئاپامغا
ناۋادا دېڭىز ساياھىتىمدىن زېرىكىپ قالسام، مەڭگۇ
سىرتقا چىقماسلىققا ھەمدە ئىسراپ قىلىۋەتكەن ۋاق-
تىمنى ھەسسىلەپ تولۇقلاشقا ۋەدە بەردىم. ئاپام گې-
پىمنى ئاڭلاپ قاتتىق ئاچچىقلاندى. ئۇ ماڭا، داداڭ بە-
لەن ئىككىمىز بۇ ئىشنىڭ ساڭا بولغان پايدا ـ زىيى-
نىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىمىز،
شۇڭا ساڭا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىشنى قىل-
دۇرمايمىز، دېدى. گەرچە ئاپام دادامغا بۇ سۆزلەرنى
دېيىشكە قوشۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشتىن

كېيىن مەن ئاپامنىڭ دادامغا ئارىمىزدا بولغان سۆھبە-تىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئەينەن سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى بىلدىم. دادام بۇنى ئاڭلاپ چوڭقۇر غەمگە پاتتى. ئۇ، ئاھ ئۇرۇپ: بۇ بالا ئۆيدە بىز بىلەن بىللە تۇرغان بولسا نا-ھايىتى بەختلىك بولغان بولاتتى. ناۋادا سىرتلارغا چى-قىپ كەتسە، دۇنيادىكى ئەڭ بەختسىز ئادەملەردىن بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا ئۇنى دېڭىزغا ئەۋەتىشكە بولمايدۇ، دېدى.

مەن بىر يىلدىن كېيىن، ئاخىر ئۆيدىن ئايرىلدىم. بۇ بىر يىل ئىچىدە، ئۆيدىكىلەر مېنى بىرەر ئىش قى-لىشقا كۆپ قېتىم ئۈندىگەن بولسىمۇ، مەن جاھىللىق بىلەن رەت قىلغانىدىم. لېكىن، مېنىڭ بۇ قېتىم ئۆي-دىن ئايرىلىپ چىقىشىمنى ھەقىقەتەنمۇ بىر تاسادىپىي-لىق دېيىشكە بولىدۇ. بىر كۈنى مەن بىر دوستۇم بى-لەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ماڭا دادىسىنىڭ كېمىسى بىلەن لوندونغا بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە مېنىمۇ بىللە بېرىشقا دەۋەت قىلدى. ئۇ يەنە ماڭا، سەن ھەق تۆلىمىسەڭمۇ بولىدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن دادام بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمەي، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ ئوي-لاشمايلا ئۆيدىن ئايرىلدىم، ھەتتا خەتمۇ قالدۇرۇپ قوي-مىدىم. ئۇلار ھامان مېنىڭ كەتكەنلىكىمنى بىلىدۇ دەپ ئويلىدىم. شۇنداق قىلىپ لوندونغا بارىدىغان پاراخوتقا ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا چىقتىم. ئۇ چاغ 1651 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئىدى. ئىشىنىمەنكى، ھەرقانداق

بىر ياش تەۋەككۇلچىنىڭ بەختسىز تەقدىرى مېنىڭكىدىن بالدۇر باشلانغان، داۋاملاشقان ۋاقتى مېنىڭكىدىن ئۇزۇن بولغان ئەمەس، ئەلۋەتتە. پاراخوتىمىز گامبىر دەرياسىدىن يولغا چىققاندى. يولغا چىقىش بىلەن بوران چىقىپ دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، پاراخوتتىكىلەرنى چۆچۈتۇۋەتتى. بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم دېڭىزدا يۈرۈشۈم بولغاچقا، بىئاراملىق ۋە قورقۇنچ ھېس قىلدىم. ئەپسۇس، بۇ چاغدا مەن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىمدىن بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم. مەن باشقىلارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىشىم، دادامنىڭ نەسىھەتىنى ئاڭلىشىم، تەگرىنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشۇم كېرەك ئىدى.

بۇ چاغدا بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ، دېڭىزدا دولقۇن ئۆركەشلەپ كەتتى. ئەمما بۇ مەن كېيىنكى ۋاقىتلاردا دۇچ كەلگەن بوران ـ چاپقۇنلۇق دېڭىز دولقۇنلىرىغا سېلىشتۇرغاندا ھېچقانچە ئىش ئەمەس ئىدى. بىراق ئەينى چاغدا، تۇنجى قېتىم دېڭىزدا يۈرۈش قىلغان مەندەك بىر ياش ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىش ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى. چۈنكى، مېنىڭ دېڭىزچىلىقتىن قىلچىمۇ خەۋىرىم يوق ئىدى. ھەر قېتىم دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە، خۇددى مېنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. پاراخوتىمىز ھەر قېتىم بىرەر قاينام ئىچىگە كىرىپ قالسا، گويا چۆكۈپ كېتىدىغاندەك، قايتا چىقالمايدىغاندەك ھېسسىياتتا بولاتتىم. مەن مۇ-

شۇنداق ۋەھىمە ئىچىدە ئۆز ـ ئۆزۈمگە: ئەگەر تەڭرى ھاياتىمنى ساقلاپ قالسىلا، مۇشۇ قېتىم قۇرۇقلۇققا ساق ـ سالامەت چىقىۋالسامىلا دەرھال ئاتا ـ ئانامنىڭ يې- نىغا بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆمۈرۋايەت دېڭىز ساياـ ھىتى قىلماسلىققا ۋەدە بېرەتتىم، دەيتتىم. بۇنداق خىـ يال بوران ـ يامغۇر ئەۋج ئالغان ۋاقىتتىمۇ، ھەتتا توخـ تىغان مەزگىلدىمۇ كاللامنى چىرمىۋالدى. ئىككىنچى كۈنى بوران ـ چاپقۇن ئۆتۈپ كەتتى. مەن دېڭىز تۇرمۇـ شىغا بارا ـ بارا كۆنۈشكە باشلىدىم. تىپتىنچ دېڭىز يۈـ زىگە چۈشكەن قۇياش نۇرى كىشىنى ھۇزۇرلاندۇراتتى. بۇنداق گۈزەل مەنزىرىنى مەن ئىلگىرى پەقەت كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

شۇ كۈنى كەچتە مەن ناھايىتى راھەتلىنىپ ئۇخـ لىدىم. شۇڭا ئىككىنچى كۈنى بېشىم قايمىدى، روھىي كەيپىياتىممۇ ناھايىتى ياخشى بولدى. ئالدىنقى كۈنى شاۋقۇنلاپ قۇتراپ كەتكەن دېڭىزنىڭ بىردىنلا تىمتاسـ لىققا چۆمۈپ، كىشىگە ئىللىقلىق بەخش ئەتكەنلىكىگە قاراپ، كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. شۇ ئارىدا مېنى قىزىقتۇرۇپ پاراخوتقا چىقارغان دوستۇم مېنىڭ راستتىنلا دېڭىزچىلىق سەپىرىدىن يالتىيىپ قېلىـ شىمدىن ئەنسىرەپ مېنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ مۈرەمنى ئۇرۇپ تۇرۇپ:

— ھەي، ئۆزۈڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟

شۇ كۈنى «مەيىن شامال» چوقۇم سېنى قورقۇتۇۋەتكەن-دۇ، — دېدى.

— ئۇ قانداقمۇ مەيىن شامال بولسۇن، — دېدىم مەن، — ئۇ بىر قورقۇنچلۇق بوران - چاپقۇنغۇ؟!

— بوران - چاپقۇن؟ قارا بۇ ئەخمەقنى، — دېدى ئۇ جاۋاب قايتۇرۇپ، — ئۇنىمۇ بوران - چاپقۇن دېگىلى بولامدۇ؟ بۇنداق شاماللارغا بىز قىلچىمۇ پىسەنت قىلمايمىز. ئەلۋەتتە سەن تۇنجى قېتىم دېڭىزغا چىققانلىقىڭ ئۈچۈن، بۇنىڭدىن ئانچە ئەجەبلىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. كەل، ئازراق شاراب ئىچەيلى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى.

ئۇ كۈنى كەچتە مەن مەست بولۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى قىلغان - ئەتكەنلىرىم، پۇشايمانلىرىم ھەمدە كەلگۈسى پىلانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتتىم. دېڭىز ساياھىتىمنىڭ ئالتىنچى كۈنى لەڭگەر تاشلاش ئورنىغا كەلدۇق. شامالغا قارشى كېتىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن، سۈرئەت ناھايىتى ئاستا ئىدى. شۇڭا، مۇشۇ جايدا توختاشقا مەجبۇر بولدۇق.

بىز ئەسلىدە بۇ يەردە ئانچە ئۇزۇن تۇرماي، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتىرىلىشىگە ئەگىشىپ دەريا ئېغىزىغا تېزرەك يېتىپ بېرىشنى ئويلاشقانىدۇق. ئەمما بوران چىققانلىقتىن، ئامالسىز تۆت - بەش كۈن تۇرۇپ قالدۇق. بوران بارغانسېرى ئەۋج ئالدى. لېكىن لەڭگەر تاشلاش

ئورنى كىشىلەر تەرىپىدىن ئەزەلدىن يورت دەپ قارىلىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ ئۈستىگە لەڭگىرىمىز ناھايىتى مۇستەھكەم، پاراخوتتىكى لەڭگەر زەنجىرلىرى، چىغىرىق، پولات سىم قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ناھايىتى پۇختا بولغاچقا، دېڭىزچىلار قاتتىق بورانغىمۇ پىسەنت قىلماي يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بويىچە دەم ئېلىپ تاماشا قىلىشۇەردى. سەككىزىنچى كۈنى ئەتىگەندە، بوران تۇيۇقسىز كۈچىيىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ماتروسلار سەپەرۋەرلىككە كېلىپ، بىرلىكتە ئوتتۇرىدىكى يەلكەننى چۈشۈردى. پاراخوتتىكى بارلىق نەرسىلەرنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، پاراخوتنى مۇستەھكەملەپ ئۆز ئورنىدا بىمالال تۇرالايدىغان قىلدى. چۈشتە، بوران شىددەت بىلەن چىقىشقا باشلىدى. دېڭىزچىلارنىڭ چىرايىدىمۇ قورقۇنچ ئىپادىلىرى كۆرۈنگىلى تۇردى. پاراخوت باشلىقى گەرچە پاراخوتنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن باشقۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ مەن تۇرۇۋاتقان پاراخوت بۆلۈمچىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ نەچچە قېتىملاپ: «پەرۋەردىگارىم، بىزگە ئىچىڭ ئاغرىسۇن، ھايات قالمايدىغان بولدۇق» دەپ پىچىرلىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي، بۆلمەمدىكى كارىۋاتتا مىدىرلىماي ياتتىم. شۇ چاغدىكى كەيپىياتىمنى تەسۋىرلەشكە ئامالسىزمەن، بۇ قېتىم دەسلەپتە پۇشايمان قىلمىغانىدىم. لېكىن پاراخوت

باشلىقى بۆلۈمچىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، يەنە «بىز تۇگەشتۇق» دېگەندە، مەن بەكلا چۆچۈپ كەتتىم. مەن بۆلۈمدىن چىقىپ سىرتقا قارىسام، دېڭىزدا غايەت زور دولقۇن ئۆركەشلەۋاتقان ئىكەن. ئەسلىدە بىزگە يېقىن ئەتراپتا توختىغان ئىككى پاراخوتنىڭ يان تەرەپتىكى ماچتىسى مالنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ باسقانلىقتىن ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئالدىمىزدا توختىلغان، تەخمىنەن بىر دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى پاراخوتمۇ سۇغا چۆكۈپ كەتكىلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېلىقى ئىككى پاراخوتنىڭ لەڭگىرى قاتتىق بوران تۈپەيلىدىن بوشاپ كەتكەنىدى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرۈپ، ئامالسىز پاراخوت توختاش ئورنىدىن قوزغىلىپ دېڭىزغا قاراپ ماڭدۇق. گەرچە پاراخوتنىڭ ماچتىسى قالمىغان بولسىمۇ، لېكىن پاراخوتىمىزنىڭ ئەھۋالى باشقىلارنىڭ پاراخوتىنىڭكىگە قارىغاندا ياخشى ئىدى. چۈنكى، دېڭىزدا ئادەتتە پاراخوتلارنىڭ كىچىكلىرى ئاسانراق يۈرەلەيدۇ. توساتتىن ئىككى ـ ئۈچ كىچىك پاراخوت شامال تۈپەيلىدىن پاراخوتىمىزنىڭ يېنىدىن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. گۈگۈم چۈشكەندە، پاراخوتىمىزنىڭ ئالدى ماچتىسى بىلەن ئاساسىي ماچتىسىمۇ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ پەقەت پاراخوتنىڭ پالوبىسىلا قالدى. بىر ماتروس يۈگۈرۈپ كېلىپ، پاراخوت ئاستىدىكى بۆلۈمچىلەرگە تۆت فۇت چوڭقۇرلۇقتا سۇ كىرىپ كەتكەنلىكىنى



خەۋەر قىلدى. شۇنىڭ بىلەن پاراخوتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سۇ چىقىرىشقا بۇيرۇلدى. مەن پاراخوت ئاستىغا سۇ كىرىپ كېتىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم تۇيۇقسىز توختاپ قالغاندەك بولدۇم. گەپنىڭ ئۇچۇقىنى دېسەم، ھوشۇمدىن كېتىپ سۇ تارتىش ماشىنىسىنىڭ يېنىدا يېتىپ قاپتىمەن.

پاراخوتىمىزنىڭ ئۈزۈن ئۆتمەيلا چۆكۈپ كېتىشى ئېنىق ئىدى. پاراخوت باشلىقى ئامالسىزلىقتىن توختىماي ئوق چىقىرىپ، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر يېنىك پاراخوت شامال بويلاپ ئالدىمىزدىن لەيلەپ ئۆتتى ـ دە، بىر كاتېرنى بىزگە تاشلاپ بەردى. پاراخوتىمىزدىكىلەر دەرھال كاتېرغا چىقتى. بىز پاراخوتتىن ئايرىلىپ 15 مىنۇت بولمايلا، ئۇنىڭ چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. شۇ چاغدا مەن ھاياتىمدا پاراخوتنىڭ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم چۈشەندىم. گەرچە بىز خەتەر ئىچىدە تۇرساقمۇ، يەنىلا بار كۈچىمىز بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا قاراپ ماڭدۇق. قولۋاق دولقۇندا يۇقىرى كۆتۈرۈلگەندە، بىز دېڭىز قىرغىقىنى ھەمدە دېڭىز قىرغىقىدا بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرغان كىشىلەرنى كۆردۇق.

ئەگەر مەن ئەينى چاغدا خۇل شەھىرىگە قايتىشقا بەل باغلاپ، ئۆيگە قايتالىغان بولسام، جەزمەن بەختلىك

بولغان بولاتتىم. داداممۇ خرىستىئانلارنىڭ تەمسىللىرىدىكى دادىغا ئوخشاش كالا سويۇپ مېنى قارشى ئالغان بولاتتى.

ئەمما، مېنىڭ نەس باسقان تەقدىرىم قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان كۈچكە ئايلىنىپ، مېنى بۇ يولدىن باش تارتقىلى قويمىدى. كاللام سەگەك چاغدا، بىرنەچچە قېتىم قايتىشنى ئويلىغانىدىم، ئەمما بۇنداق قىلىشقا غەيرەت قىلالمىدىم. مەن دوستۇم ۋە ئۇنىڭ دادىسى بىلەن گەپ تالىشىپ قالغاندىن كېيىن، قۇرۇقلۇق بىلەن لوندونغا باردىم. لوندوندا بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا دېڭىز ساياھىتى قىلغۇم كېلىپ قالدى. شۇڭا، بىر پاراخوت باشلىقى مېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئافرىقىدىكى گۋىنىيەگە بېرىشقا تەكلىپ قىلغاندا مەن ماقۇل بولدۇم ھەم كاپىتان بىلەن قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالدىم.

بەختكە قارشى كاپىتان دوستۇم لوندونغا قايتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. شۇنداق بولسىمۇ، مەن يەنىلا گۋىنىيەگە يەنە بىر قېتىم بېرىشقا بەل باغلاپ، يەنە شۇ پاراخوتقا چىقتىم. بۇ چاغدا ئەسلىدىكى كاپىتاننىڭ باش ياردەمچىسى كاپىتان بولغانىدى. دەسلەپتە ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق بولدى. لېكىن كانارى تاقىم ئاراللىرىغا كەلگەندە، تۈركىيىنىڭ سارى دېگەن يېرىدىن كەلگەن دېڭىز قاراقچىلىرى كېمىسى كەينىمىزدىن قوغلاپ

كەلدى. بىر مەيدان ئۇزۇنغا سوزۇلغان شىددەتلىك ئىپ-لىشىشتىن كېيىن ھەممىمىز ئەسىرگە ئېلىنىپ، سارىغا يالاپ كېلىندۇق. ئۇ، مورلار پورتى ئىدى.

مەن ئۇ يەردە تۇرغاندا ئېرىشكەن مۇئامىلە ئەيىنى چاغدا ئەنسىرىگۇدەك قورقۇنچلۇق ئەمەس ئىدى.

باشقىلارنىڭ ھەممىسى خان ئوردىسىغا ئېلىپ بې-رىلدى. ئۇلار دېڭىز قىرغىقىدىن ئايرىلىپ، يىراق جاي-لارغا كەتتى. دېڭىز قاراقچىلىرى پاراخوتنىڭ كاپىتانى مېنى ھەربىي ئولجا قاتارىدا قالدۇرۇپ قالدى. ئەمەلى-يەتتە مەن ئۇنىڭ قۇلىغا ئايلاندىم. تۈركىيىلىك كاپىتان مېنىڭ خوجايىنىم ئىدى. بۇ، ھاياتىمدىكى يەنە بىر قېتىملىق ئەڭ قورقۇنچلۇق ئۆزگىرىش بولدى. خوجا-يىنىم مېنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە قۇللۇق تۇر-مۇشنى كەچۈردۈم. مەن ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى قى-لىشتىن سىرت يەنە ئۇلارنىڭ گۈللۈكىگە قارايتتىم. ھەر كۈنى ئۇ يەردىن قېچىپ كېتىشنى پىلانلايتتىم، ئەمما قىلچە پۇرسەت تاپالمايتتىم، خوجايىنىم كېمىدە ئولتۇرۇپ بېلىق تۇتۇشقا ئامراق ئىدى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ دائىم مېنى ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ يەنە ئىككى قۇلى بولۇپ، بىرى، مورلاردىن بولغان مولى ئىسىملىك بالا ئىدى، يەنە بىرى، مالىسكو ئىسىملىك كىچىك بالىمۇ بىز بىلەن بىللە باراتتى.

بىر كۈنى ئەتىگىنى، بىز يەنە دېڭىزغا بىلىق تۇت-قىلى چىقتۇق. ئۇ كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق، دېڭىز تىپتىنچ، دولقۇنسىز ئىدى. بىراق دېڭىزنى تۇيۇقسىز بۇلۇت قاپلاپ كەتتى. بىز يولدىن ئېزىپ قالدۇق. بىر كېچە ـ كۈندۈز يۇرۇپ، ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئېتىش بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا ئاز دېگەندە ئالتە چاقىرىم كې-لىدىغان جايغا كېتىپ قالغىنىمىزنى بايقىدۇق. بىز ئاخىر خەۋپ ـ خەتەرگە قارىماي زور كۈچ سەرپ قىلىپ، دېڭىز قىرغىقىغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ كەلدۇق.

بۇ قېتىمقى كۈتۈلمىگەن ھادىسە خوجايىنىمغا بىر سىگنال بەردى بولغاي، شۇ ئىشتىن كېيىن، دېڭىزغا چوقۇم كومپاس بىلەن يېمەكلىك ئېلىۋېلىشنى قارار قىلدى. پاراخوت ئۈستىدە بىر قولۋاق بار ئىدى. خوجا-يىن ياغاچچىغا (ئەمەلىيەتتە ياغاچچىمۇ خوجايىنىنىڭ ئەنگلىيىلىك قۇلى ئىدى) بۇيرۇپ، قولۋاق ئوتتۇرىسىغا چاتما كېمە ئۈستىدىكى بۆلۈمچىدەك بۆلۈمچە ياساتتى. بۆلۈمچە كەينىگە بىر ئادەم سىغقۇدەك بوشلۇق قالدۇ-رۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردە بىر ئادەم ئولتۇرۇپ كېمىنى باشقۇرىدۇ ۋە يەلكەن بېغىنى تارتىدۇ. بۆلۈمچىنىڭ ئال-دىدا يەلكەننى چىقىرىپ ـ چۈشۈرىدىغان، بىر ـ ئىككى ئادەم سىغىدىغان بوشلۇق بار. ئۇزۇن قولۋاق ئۈستىدە ئىشلىتىلگەن يەلكەن ئۈچ بۇرجەكلىك يەلكەن دەپ ئا-تىلىدۇ. يەلكەن تاياقچىسى بۆلۈمچە ئۈستىدە ھەم

توغرىسىغا، ھەم تىك تۆرىدۇ. بۆلۈمچە ناھايىتى پاكار ياسالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچى بەكلا راھەت. ئىچىدە ئۈچ ئادەم ياتقىلى بولىدۇ ھەم ئۈستەل قويغىلى بولىدۇ. ئۈستەلنىڭ بىرنەچچە تارتمىسى بار. ئۇنىڭغا خوجايىن ياخشى كۆرىدىغان ھاراق، بولكا، گۆرۈچ بىلەن قەھۋە قاتارلىق يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەر قويۇلغان. كېيىن بىز دائىم مۇشۇ قېيىقتا ئولتۇرۇپ بېلىق تۇت- قىلى چىقىدىغان بولدۇق. بىر كۈنى خوجايىن بىزگە: «مېنىڭ بىرنەچچە دوستۇم ئەتە بېلىق تۇتماقچى. شۇڭا، كېمىلەرنى تەييارلاپ قويۇڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن بىز نۇرغۇن يېمەكلىك ۋە سۇ تەييارلىدۇق. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى بىز خوجايىن بىلەن ئۇنىڭ دوستلىرىنى ساقلىدۇق، لېكىن خوجايىن ئۆزى يالغۇز كەلدى. ئۇ ماڭا:

— ئاغىنىلىرىم بېلىق تۇتقىلى بارمايدىغان بولدى، ئەمما كەچلىك تاماققا ئۈلگۈرۈپ كېلىدۇ. شۇڭا، سەن ئىككى قۇلنى ئېلىپ كەچلىك تامىقىمىز ئۈچۈن بىر- نەچچە بېلىق تۇتۇپ كەل، — دەپ بۇيرۇق بەردى.

— خوپ، خوجايىن، — دەپ ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن جاۋاب بەردىم مەن. ئەمما كۆڭلۈمدە خۇش بولدۇم. مەن، بۇ قېتىم قېچىشقا پۇرسەت تۇغۇلدىغان بولدى دەپ ئويلىدىم. خوجايىن كېتىشى بىلەنلا، تەييارلىقىمنى باشلىدىم. مېنىڭ بۇ قېتىمقى تەييارلىقىم بېلىق

تۇتۇش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى دېڭىز ساياھەتچىلىكى ئۈچۈن ئىدى. گەرچە مەن كېمىنى نەگە ھەيدەپ بې-رىشنى بىلمىسەممۇ، لېكىن بەربىر مۇشۇ يەردىن قېچىپ كەتسەملا بولىدىغۇ دەپ ئويلىدىم. خوجايىن مولىنى قىرغاققا ئاشلىق ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغاندا، مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھاراقلارنى مۇۋاپىق جايغا، خۇددى خوجايىن ئەسلىدە قويغاندەك جايلاشتۇرۇپ قوي-دۇم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كېمىگە 60 نەچچە قاداق موم قاچىلىدىم، يەنە بىر يۆگەك تانا، بىر دانە پالتا، ھەرە ۋە بولقا ئېلىۋالدىم. بۇ نەرسىلەر كېيىن ماڭا ناھايىتى ئەسقاتتى، بولۇپمۇ مومنى شام ئورنىدا ئىشلەتكىلى بو-لاتتى. ئارقىدىنلا مەن يەنە يېڭى بىر ئويۇن ئويلاپ چىقتىم. ھېلىقى مورلاردىن بولغان بالىنىڭ ئىسمى ئىسما بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى كۆپچىلىك مالى ياكى مولى دەپ چاقىراتتى. شۇڭا مەنمۇ ئۇنى شۇنداق چاقى-راتتىم.

— مولى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — خوجايىنى-مىزنىڭ قورالى كېمىدە، سەن ئازراق پوروخ ۋە قوش-لارنى ئاتىدىغانغا ئوق ئېلىپ كەل، بەلكىم بىز يەنە ئۆزىمىز ئۈچۈن بىرنەچچە سۇ قۇشلىرىنى ئېتىپ كې-لەرمىز.

— بولىدۇ، مەن ئەكىلەي، — دېدى ئۇ.

دەرۋەقە ئۇ بەش ـ ئالتە قاداق ئېغىرلىقتا بىر خالتا

ئوق ۋە بىر يېرىم قاداق كەلگۈدەك بىر خالتا پوروخ ئېلىپ كەپتۇ، ئۇلارنى كېمىگە قاچىلاپ قويدۇق.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن يەنە كېمە ئەلەمچىسىدىن خوجايىنىنىڭ پوروخلىرىنى ئىزدەپ تاپتىم، يەنە شىكەتتىن بىر دانە هاراق بوتۇلكىسى تاپتىم. ئۇنىڭ ئىچىدە هاراق كۆپ ئەمەس ئىدى. مەن هاراقنى يەنە بىر بوتۇلكىغا قۇيۇپ، قۇرۇق بوتۇلكىغا پوروخلارنى لىق قاچىلىدىم. هەممە ئىش تەخ بولدى. بىز بېلىق تۇتقىلى ماڭدۇق. پورتتىن چىقىپ بىر دېڭىز مىلى ماڭماي تۇرۇپلا يەلكەننى چۈشۈرۈپ، بېلىق تۇتۇشقا باشلىدۇق. بۇ چاغدا قىيپاش شەرق شامىلى چىقىۋاتاتتى. بۇ شامال دەل مېنىڭ ئارزۇيۇمغا قارشى چىقىۋاتاتتى. چۈنكى، جەنۇب شامىلى چىقسا كېمىنى ئىسپانىيە دېڭىز قىرغىقىغا هەيدەپ ئېلىپ بېرىشقا ئىشەنچىم بار ئىدى. ئاز دېگەندىمۇ ئىسپانىيىنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى كاتىس قولتۇقىغا بارالايتتىم. لېكىن مەيلى قانداق شامال چىقىشىدىن قەتئىينەزەر، مەن مۇشۇ جايدىن ئايرىلىپ كەتسەملا بولىدۇ، قالغانلىرىنى تەڭرىگە تاپشۇردۇم.

مەن، بىر مەهەل بېلىققا قارماق تاشلىدىم، ئەمما بىر تالمۇ تۇتالمىدىم. بېلىق قارماققا ئىلىنسىمۇ، مولىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېهتىيات قىلىپ تۇتمايتتىم. مەن ئۇنىڭغا: «بۇنداق قىلساق بولمايدۇ. خوجايىنىنى نېمە بىلەن كۈتىمىز، كېمىنى ئىچكىرىگە كىرەك

ھەيدەپ بارايلى» دېدىم. ئۇ ماقۇل كۆردى. ئۇ كېمىنىڭ بېشىدا تۇرۇپ يەلكەننى ئاچتى، مەن كېمىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ رولنى باشقۇردۇم. شۇنداق قىلىپ كېمىنى ئۈچ دېڭىز مىلى يىراقلىقتىكى جايغا ھەيدەپ باردۇق ــ دە، توختىتىپ بېلىق تۇتۇشقا تەييارلىق قىلدۇق. مەن رولنى مالىسكوغا تاپشۇردۇم ۋە ئۆزۈم كېمىنىڭ بېشىغا ــ مولى تۇرغان جايغا كەلدىم ــ دە، بېلىمنى ئېگىپ ئۇنىڭ كەينىدىن بىرنېمە ئىزدەۋاتقاندەك ھەرىكەت قىلدىم. ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىقىدىن پايدىلىنىپ جېنىمنىڭ بىلەن تۇيۇقسىز ئۇنى دېڭىزغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتىم. مولى سۇ ئۈزۈش ماھىرى ئىكەن، شۇڭا تېزلا دېڭىز يۈزىگە لەيلەپ چىقتى. ئۇ مەندىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇۋېلىشنى ھەم كېمىگە چىقىرىۋېلىشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ ماڭا، مەن بىلەن قانداق جايغا بارسىمۇ رازى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ، سۇدا بېلىقتەك تېز ئۈزەتتى. شۇ چاغدا شامال ئانچە كۈچلۈك ئەمەس ئىدى. كېمىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى ئاستا بولغاچقا، ئۇ كېمىگە يېتىشىۋېلىپ ئاسانلا چىقىۋالىدىغاندەك قىلاتتى. مەن كېمە بۆلۈمچىسىدىن ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ چىقىپ، ئۇنى مولىغا توغرىلاپ: «كەينىڭگە قاراپ ئۈز، بۇ يەر قىرغاققا ئانچە يىراق ئەمەس، مەن ساڭا زىيان يەتكۈزمەيمەن، ئەگەر سەن كېمىگە يېقىنلاشساڭ، مېڭەڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن» دېدىم. ئۇ دەر-

ھال كەينىگە يېنىپ، قىرغاق تەرەپكە ئۈزۈپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ قىرغاققا بىخەتەر يېتىپ بارالايدىغانلىقىدىن گۇمانلانمايتتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ سۇ ئۈزۈش ماھارىتى ھەقىقەتەن ياخشى ئىدى.

ئەسلىدە مەن بۇ كىچىك بالىنى سۇغا چۆكتۈرۈپ ئۆلتۈرۈۋېتەلەيتتىم. ئۇنى ئېلىۋالاي دېسەم، ئۇنىڭغا ئىشەنگۈم كەلمىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مالىسكو دەپ ئاتالغان بالىنى كۆپچىلىك زولى دەپ چاقىراتتى. مولى كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا: «زولى، ئەگەر ماڭا ياردەم بەرسەڭ سېنى قالتىس ئادەم قىلىپ تەربىيىلەيمەن، كاشىلا قىلساڭ دېڭىزغا تاشلىۋېتىمەن» دېدىم.

زولى قەسەم بېرىپ، مەن بىلەن ھەرقانداق جايغا بىرىشقا رازىلىقىنى، ئۆزىنىڭ ماڭا ساداقەتمەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا، چىرايىدىن سەمىمىلىكى چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا ئىشەندىم. مەن كانارى تاقىم ئاراللىرىغا بارماقچى ئىدىم، لېكىن قىرغاقتىن يىراقلاپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى، بۇ بىر كىچىك كېمە ئىدى. شۇڭا مەن جەنۇبقا قاراپ نەچچە كۈن يۈردۈم. ئىچىدىغان سۈيىمىز ئازلا قالغانىدى. شۇڭا، مەن دادىللىق بىلەن دەريانىڭ قۇيۇلۇش ئېغىزىدا (دەريادىن دېڭىزغا سۇ ئېقىپ كىرىدىغان جاي) لەڭگەر تاشلىدىم. ھازىر قانداق جايدا، قانداق دۆلەتتە تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى بىلمەيتتىم. مەن قاراڭغۇ چۈشكەندە قىر-

غاققا چىقىپ، ئۇ جايدىكى ئەھۋاللارنى كۆزىتىمەكچى بولدۇم. لېكىن قاراڭغۇ چۈشكەندە بولسا، خىلمۇخىل هايۋانلارنىڭ هۇۋلاشلىرىنى ئاڭلىدىم. مەن قىرغاققا چىقىش پىلانىمدىن زورمۇزور ۋاز كەچتىم، بۇ يەر ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى، شۇنداقتىمۇ قىرغاققا چىقىپ ئىچىدىغان سۇ ئەكېلىشكە مەجبۇر بولدۇم. بىر قېتىم مەن خېلىلا چوڭ بىر هايۋاننى ئۇچراتتىم. مەن ئۇنى مىلتىق بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردۇم. بىز ئۇنىڭ گۆشىنى بىر ۋاخلىق مەززىلىك تائام قىلىپ يېدۇق.

بىز، ئافرىقا دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ يۈردۇق. بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت دېڭىز قىرغىقىدا ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان ئادەملەرنى — نېگىرلارنى كۆردۇق. ئۇلار قارىماققا دوستانە ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. شۇ چاغدا بىزنىڭ ئوزۇقىمىز ئاز قالغانىدى. بىز ھەقىقەتەنمۇ ئۇلارنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدۇق. گەرچە بىز ئۇلاردىن قورقساقمۇ، قىرغاققا چىقىشقا مەجبۇر بولدۇق. دەسلەپتە ئۇلارمۇ بىزدىن قورقتى. قارىغاندا، بۇ يەرگە ئاق تەنلىكلەر كېلىپ باقمىغان ئوخشايدۇ. تىلىمىز ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، بىز پەقەت قول ئىشارىتى بىلەن قورسىقىمىزنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈردۇق. كۈتۈلمىگەندە، ئۇلار بىزگە ئوزۇقلۇقلارنى ئەكېلىپ بېرىپ دەرھال قايتتى. بىز رەھمەت ئېيتماقچى بولساقمۇ، لېكىن ئۇلارغا بەرگۈدەك ھېچ نەرسىمىز يوق ئىدى. شۇ

چاغدا ئىككى دانە «چوڭ ياۋا مۈشۈك» تاغدىن دىگىز قىرغىقىغا ئېتىلىپ كەلدى. مەن ئۇنى قاپلانمىكىن دەپ ئويلىدىم. شۇ جايدىكى ئاياللار چىرقىرىشىپ كەتتى. مەن تېزلىكتە ئوۋ مىلتىقىمنى ئېلىپ بىرسىگە ئوق تەگكۈزدۈم. يەنە بىرسى تاغ ئىچىگە قېچىپ كەتتى.

بىچارە نېگىرلارنىڭ مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلىغان، مىلتىقتا چاقنىغان ئوت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرگەندىن كېيىنكى قورقۇنچلۇق ھالىتىنى قەلەم بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش تەس ئىدى. بىرئازدىن كېيىن، ئۇلار غەلىتە ھايۋاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ھەمدە سۇغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار قول ئىشارىتىمنى ۋە ئۇلارنى قىرغاققا چاقىرىۋاتقانلىقىمنى بىلدى بولغاي، يۈرەكلىك بىلەن دېڭىز قىرغىقىغا كېلىپ ئۆلگەن ياۋايى ھايۋاننى ئىزدىدى. مەن سۇدىكى قان ئىزىنى ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇ ھايۋاننى تاپتىم. ئۇنىڭ بوينىغا ئارغامچا بىلەن سىرتماق سېلىپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى نېگىرلارغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنى سۇدىن تارتىپ چىقىرىشقا بۇيرۇدۇم. ئۇلار ھايۋاننى قىرغاققا سۆرەپ چىقتى، نېگىرلار بۇ قاپلاننىڭ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ئالىچىپار، ناھايىتى چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ھەيران قالغانلىقىنى بىلدۈرەتتى.

ئۇلار قاپلاننى قانداقسىگە، نېمە بىلەن ئۆلتۈرگەنلىكىمنى بىلمەيتتى. قاپلان گۆشىنى ئۇلارغا بەردىم.

ئەمما تېرىسىنى ئېلىۋالماقچى بولغانلىقىمنى بىلدۇر-
دۇم. ئۇلار دەرھال تېرىنى بەردى. ئۇلار ماڭا يەنە نۇرغۇن
ئاشلىق ۋە باشقا نەرسىلەرنى بەردى، گەرچە ئۇلارنىڭ
بەرگەن نەرسىلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەممۇ،
يەنىلا قوبۇل قىلدىم. كېيىندىنلا سۇ ئالماقچى ئىكەن-
لىكىمنى بىلدۈرۈپ قول ئىشارىتى قىلدىم. مەن كوزد-
نى ئېلىپ ئاغزىنى پەسكە قارىتىپ، سۇنىڭ تۈگىگەن-
لىكىنى بىلدۈردۈم ۋە ئۇنىڭغا سۇ قاچىلاپ بېرىشنى
ئۆتۈندۈم. ئۇلار دەرھال ھەمراھلىرىغا بۇيرۇدى. ئۇزۇن
ئۆتمەيلا ئىككى ئايال بىر ئىدىش سۇ ئېلىپ كەلدى.

ھازىر بىزنىڭ قارا ئاشلىقىمىز، سۈيىمىز بار
بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ دوستانە نېگىرلاردىن ئايرىل-
دۇق. دېڭىزدا تەخمىنەن بىراقلا 11 كۈن يۈردۇق. شۇ
ئارىلىقتا قۇرۇقلۇققا بىر قېتىممۇ چىقمىدۇق.

كېيىن، بىر پارچە قۇرۇقلۇقنى بايقىدۇق. دېڭىز-
نىڭ يەنە بىر تەرىپىدە — ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا يەنە
بىر قۇرۇقلۇق بارلىقىنى كۆردۇق. ئىشىنىمەنكى، بۇ يەر
ۋېردې تۇمشۇقى، ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئارال ۋېردې تۇم-
شۇقى تاقىم ئارىلى. بىراق، ۋېردې تۇمشۇقى بىلەن ئا-
رالنىڭ ئارىلىقى بىزگە بەكلا يىراق ئىدى. مەن نېمە
قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. ناۋادا قاتتىق شامال چىقىپ
قالسا، ھېچيەرگىمۇ بارالمايتتۇق.

مېنىڭ ياكى تۇرۇشىمىزنى بىلەلمەي، غەمكىن

هالدا كىمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئولتۇردۇم. رولنى زو-
لىغا بەردىم. ئۇ بالا تۈيۈقسىز: «خوجايىن، خوجايىن،
قاراڭ، بىر پاراخوت كېلىۋاتىدۇ» دەپ ۋارقىرىدى. بۇ
ئەخمەق بالا «خوجايىن پاراخوت بىلەن قوغلاپ كەلگەن
ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ھوشىدىن كەتكىلى تاسلا قاپتۇ.
ئايانكى، بىز ناھايىتى يىراقلاپ كەتكەنىدۇق. ئۇلار بىزگە
ھەرگىز قوغلاپ يېتىشەلمەيتتى. مەن كېمە بۆلۈمچە-
سىدىن چىقىپ، راستىنلا بىر پاراخوتنىڭ كېلىۋاتقان-
لىقىنى كۆردۈم. بىر قاراپلا ئۇ پاراخوتنىڭ پورتۇگالى-
يىلىكلەرنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مەن ئۇلارنى گۋى-
نىيە دېڭىز قىرغىقىغا نېگىر قۇللارنى ئېلىپ ساتقىلى
كەلدىمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق نىشان كۆرسەت-
كۈچىگە قاراپ، پاراخوتنىڭ قىرغاققا چىقىش نىيىتى
يوقلۇقىنى، باشقا يەرگە بارىدىغانلىقىنى بىلدىم. شۇڭ-
لاشقا، كېمىنى كۈچۈمنىڭ بارىچە دېڭىز ئىچىگە ھەي-
دىدىم ھەمدە ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇلار بىلەن ئالاقى-
لىشىشقا بەل باغلىدىم. لېكىن پاراخوتتىكىلەر بىزنى
كۆرمىدى. شۇ چاغدا ئوق چىقىرىپ بەلگە بەردىم.
ئېتىلغان نەچچە پاي ئوقتىن كېيىن، پاراخوت بىز تە-
رەپكە قاراپ ئايلاندى. بىز ئۇلارنىڭ پاراخوتىغا چىقتۇق.
مەن پورتۇگالىيىلىك كاپىتانغا سەرگۈزەشتىلىرىمنى
سۆزلەپ بەردىم. ئۇ دەل برازىلىيىگە بارىدىغانلىقىنى
ھەمدە ماڭا ياردەم بېرىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئەمما، بەرگەن ياردىمى ئۈچۈن ھېچقانداق ھەق ئالمىدى. مەن ئۇنىڭغا ھەق تۆلىمەكچى بولغاندا، ئۇ ماڭا: «ياق، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە مەن ياردەمگە موھتاج بولغاندا، كىشىلەر ماڭىمۇ ياردەم قولىنى سۇنىدۇ» دېدى. ئۇ كېمەمنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ، بۇ كېمىنى سېتىۋېلىپ، پاراخوتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ باھاسىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى ئېيتتى. ئۇنىڭ ماڭا بولغان سېخىيلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭغا: كېمىگە باھا قويۇشتىن خىجىل بولىۋاتقانلىقىمنى، قانچىلىك پۇل بەرسە بولۇۋېرىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇ، ماڭا ئالدى بىلەن 80 ئىسپانىيە تىللاسىغا لايىق پۇل چېكى كېسىپ بېرىپ، برازىلىيىدە پۇل ئېلىۋېلىشىمنى ئېيتتى. ناۋادا برازىلىيىگە بارغاندا، باشقىلار بۇ كېمىگە بۇنىڭدىنمۇ يۇقىرى باھا قويسا، تولۇقلاپ بېرىدىغانلىقىنى قوشۇپ قويدى.

دەسلەپتە مەن زولىنى قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىشنى خالىمىغانىدىم، چۈنكى ئۇ، مەن بىلەن بىر قېتىملىق جاپالىق سەپەرنى بىللە باشتىن كەچۈرگەنىدى. لېكىن زولى كاپىتان بىلەن بىللە مېڭىشنى خالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. كاپىتان ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن. ئۇ ماڭا: «زولى ئون يىلدىن كېيىن ئەركىنلىككە چىقىدۇ» دېدى.

ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن مەن برازىلىيىگە باردىم.

كاپىتان مەندىن تېرە، هاراق، قورال ـ ياراغ ۋە موم سېتىۋالدى. ماڭا جەمئىي 220 ئىسپانىيە تىللاسى بەر- دى. مەن كاپىتان ۋە زولى بىلەن خوشلىشىپ، يېڭى تۇرمۇشۇمنى باشلىدىم.

# ئىككىنچى باب

مەن برازىلىيىدە نەچچە يىل جاپالىق ئىشلىدىم، ئۆزۈن ئۆتمەي بىرئۇلۇش مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولدۇم. بۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى ئوبدان باشقۇرۇلغان بىر ئېكىنزارلىقمۇ بار ئىدى. مۇبادا مۇشۇ تۇرمۇشۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتەلىسەم، جەزمەن خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ياشايتتىم. كېيىن كاللامدا يەنە باشقىچە خىيال پەيدا بولدى. بىر كۈنى ئاغىنىلىرىم مېنى يوقلاپ كېلىپ، ماڭا: «بىز ئافرىقىغا تىجارەت قىلغىلى بارىمىز، سەن نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىرگە بارمايسەن؟» دېدى. مەن نېمىدېگەن ئەخمەق. شۇ چاغدا برازىلىيىدە شۇنداق ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنىلا دېڭىزنى سەيلە قىلغۇم كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن 1659 ـ يىلى مەن يەنە بىر قېتىم پاراخوتقا چىقىپ، دېڭىزغا يۈرۈش قىلدىم. سەپىرىمىز دەسلەپتە ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي شىددەتلىك بوران چىقىپ كەتتى. قاتتىق بوران 12 كۈن داۋام قىلدى. ئىككى ھەمراھىم بوراندا دېڭىزغا چۈشۈپ كېتىپ سۇغا غەرق بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا پاراخوتنىڭ يان تەرىپى

تېشىلىپ كەتتى. «بۇ قېتىم ھەممىمىز ھايات قالمايدىغان بولدۇق» دەپ ئۆز ـ ئۆزۈمگە سۆزلەيتتىم.

مۇشۇنداق خەتەرلىك ئەھۋال ئاستىدا، قارا بوران بىزنى تېخىمۇ قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. بەزىلەر تېخى پاراخوتنىڭ ئۈستىدە ئىسسىق بەلۋاغ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ ئۆلۈپ كەتتى. كاپىتان پاراخوتىمىزنىڭ برازىلىيىنىڭ شىمالى تەرىپى ياكى گۋىئانا دېڭىز قىرغىقىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ. بىز ئامازون دەرياسىنىڭ دېڭىزغا كىرىش ئېغىزىدىن ئۆتۈپ، چوڭ دەريا دەپ ئاتالغان ئورىنوكو دەرياسىغا يېقىنلاشتۇق. چۈنكى پاراخوتىمىزغا سۇ كىرىپ كېتىپ، پاراخوت ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. كاپىتان پاراخوتىمىزنى برازىلىيە دېڭىز قىرغىقىغا ھەيدەشنى تەشەببۇس قىلدى. مەن برازىلىيىگە قايتىشقا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردۈم. كاپىتان بىلەن ئىككىمىز ئامېرىكا قىتئەسى دېڭىز يولى خەرىتىسىنى ئىنچىكىلەپ كۆرۈپ، ئاخىر چوقۇم كارىپ تاقىم ئاراللىرىغا بېرىشىمىز كېرەك دېگەن خۇلاسىنى چىقاردۇق. شۇنداق قىلمىساق، بىز ئادەمزات بار جايغا بارالمايتتۇق.

پىلان مۇقىملاشقاندىن كېيىن بىز نىشانىنى ئۆزگەرتىپ، غەربىي شىمالنىڭ غەربىي تەرىپىگە قاراپ ماڭدۇق. بىز ئەنگلىيە تەۋەسىدىكى دېڭىز ئاراللىرىغا بېرىشنى ئۈمىد قىلىغاندۇق. ئۇ يەردە مەن ياردەمگە

ئېرىشەلىشىم مۇمكىن ئىدى. لېكىن، بىزنىڭ دېڭىز ساياھەت نىشانىنى بەلگىلەشكە ئامالىمىز بولمىدى. شىمالىي كەڭلىك 12°18´ جايدا يەنە بىر قېتىم قاتتىق بورانغا ئۇچرىدۇق. شامال ئالدىنقى قېتىمقىدەك شىددەت بىلەن چىقىۋاتاتتى. بوران پاراخوتىمىزنى غەرب تەرەپكە سىلجىتىپ، نورمال سودا ـ سېتىق دېڭىز لىنىيىسىدىن ئايرىۋەتتى، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت رايونىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى. ئەنە شۇنداق شارائىتتا بىز بېلىققا يەم بولۇشتىن ساقلىنالىساقمۇ، ياۋايى ئادەملەرنىڭ يەۋېتىشىدىن ساقلىنالىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى، دۆلىتىمىزگە قايتىشتىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ تەس ئىدى.

بوران توختىماي چىقىۋاتاتتى. ئەھۋال ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگىنى پاراخوتتا بىر كىشى ئۇشتۇمتۇت «قۇرۇقلۇق» دەپ ۋارقىراپ كەتتى. بىز بۆلۈمچىدىن يۈگۈرۈپ سىرتقا چىقىپ، نەگە كەلگەنلىكىمىزنى بىلمەكچى بولۇپ تۇرغىنىمىزدا، پاراخوت ئۇشتۇمتۇت قۇمغا پېتىپ قالدى، مەن تېزلىك بىلەن قېيىقنى دېڭىزغا تاشلىدىم. بىز پاراخوتتىن ئايرىلدۇق، لېكىن بوران شىددەت بىلەن چىقىۋاتاتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، غەزەپلەنگەن دېڭىز دولقۇنى قېيىقىمىزنى ئۆرۈۋەتتى. «تەڭرىم» دېيىشكە ئۈلگۈرمەيلا، دېڭىز دولقۇنى ھەمراھلىرىمنى يۇتۇۋەتتى.

مەن سۇغا چۆكۈپ كەتكەن ۋاقتىمدىكى

جىددىيلىشىپ كەتكەن ھالىتىمنى قانداق ئىپادىلەپ بېرىشنى بىلمەيمەن. مەن ئادەتتە سۇ ئۈزۈشكە خېلىلا ماھىر ئىدىم، لېكىن دولقۇنلاۋاتقان دېڭىز سۈيىدە نەپەس ئېلىش ناھايىتى قىيىن ئىدى. ئاخىر دېڭىز دولقۇنى مېنى بىر قىرغاققا ئۇرۇپ چىقاردى. مەن ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ ھەمراھلىرىمنى ئىزدىدىم، لېكىن بىرسىنىمۇ كۆرمىدىم، پەقەت ئۆزۈملا ھايات قاپتىمەن. دەسلەپتە مەن ھايات قالغانلىقىمدىن خۇشال بولدۇم. ئاستا ـ ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئېگىزرەك دۆڭلۈككە چىقىپ دېڭىزغا نەزەر سالدىم. مەن ئۆزىمىزنىڭ پاراخوتىمنى كۆردۈم، ئەمما ئۇ ئاللىقاچان ئۆرۈلۈپ كەتكەنىدى. مەن ھايات قالدىم، ئەمما يەيدىغان ـ ئىچىدىغان نەرسە يوق ئىدى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. مەن بەكلا چارچاپ كەتكەنىدىم، يەردە يېتىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يەۋېتىشىدىن قورقتۇم. ئامالسىز دەرەخ ئۈستىدە بىر كېچە تۈنىدىم. تاڭ يورۇغاندا دەرەخ ئۈس- تىدىن چۈشۈپ ئەتراپىمغا قارىسام، بوران ـ دولقۇنلار قېيىقنى ئۇلۇغ تەرىپىمدىكى تەخمىنەن ئىككى فۇت كېلىدىغان جايغا ئېقىتىپ ئەكېلىپ قويۇپتۇ. مەن دې- ڭىز قىرغىقىنى بويلاپ، قېيىقنىڭ يېنىغا كەلدىم، بىراق قېيىق بىلەن مەن تۇرغان جاينىڭ ئارىلىقى توغرىسىغا تەخمىنەن يېرىم فۇت كەڭلىكتە كېلەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئارقامغا قايتتىم، چۈنكى كۆز

ئالدىمدىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ئامال قىلىپ پاراخوتقا چىقىپ، ئۇنىڭدىن كۆندىلىك ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنى تېپىپ كېلىش ئىدى. شۇڭلاشقا مەن كىيىممىنى سېلىۋېتىپ، سۇغا چۈشۈپ پاراخوت بار جايغا ئۈزۈپ باردىم. مەن پاراخوتنىڭ تېشىلىپ كەتكەن يېرىدىن ئىچىگە كىردىم. پاراخوتنىڭ ئىچىگە سۇ لىق تولۇپ، قۇمغا پېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئارقا تەرىپى سۇ يۈزىدىن چىقىپ تۇراتتى، بۇنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇش بولدۇم. چۈنكى، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى پاراخوتنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاچىلانغانىدى. قورسىقىم بەكمۇ ئېچىپ كەتتى. شۇڭا، مەن يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ يېيىشكە باشلىدىم. ئامال تېپىپ، مۇشۇ نەرسىلەرنى قىرغاققا ئېلىپ چىقماقچى بولدۇم. مەن پاراخوتنىڭ ئەتراپىدىن بىرنەچچە تال تاختاي تېپىپ، ئارغامچا بىلەن چىڭ باغلاپ سال ياسىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەڭ كېرەكلىك نەرسىلەرنى — يېمەكلىك، ھاراق ۋە بەزى سايمانلارنى باستىم. ئېھتىياتچانلىق بىلەن سالنى قىرغاققا قاراپ ھەيدەپ، ئاخىر نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەكېلىۋالدىم. ھازىر مۇشۇ نەرسىلەرنى ساقلايدىغان ئورۇن تېپىشىم زۆرۈر. ئەتراپىمدا ئېدىرلىقلار بار. مەن ئېدىرلىقلار ئىچىگە ئۆي سېلىشنى قارار قىلدىم. مەن بىر كىچىك تاغ يېنىدىن ئۆڭكۈر تاپتىم، ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا ئازراق بوش جاي بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن پارا-

خوتىنىڭ ئۈستىدىكى يەلكەننى ئېلىپ، تاختايلار بىلەن ناھايىتى ياخشى بىر چېدىر ياسىدىم. ئۆڭكۈر بولسا يېمەكلىكلەرنى قويىدىغان ياخشى ئامبار بولدى. شۇ كۈنى كەچتە مۇشۇ يېڭى ئۆيۈمگە كۆچۈپ كىردىم. ياۋايى ھايۋانلاردىن ھەم ياۋايى ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئىككىنچى كۈنى چېدىرنىڭ ئالدىغا پۇختا بىر رېشاتكا ياساش قارارىغا كەلدىم. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭغا قورال ـ سايمان لازىم بولىدۇ. شۇڭا مەن پاراخوتنىڭ يېنىغا يەنە بىر قېتىم بېرىپ، قورال ـ سايمانلارنى ئېلىپ كېلىشنى قارار قىلدىم. بىلىپ تۇرۇپتىمەن، بۇ جايدا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈشۈم كېرەك. ماڭا تېخىمۇ كۆپ تۇرمۇش بۇيۇملىرى كېرەك. بوران پاراخوتنى ۋەيران قىلىۋېتىشتىن بۇرۇن پاراخوتنىڭ يېنىغا 12 قېتىم باردىم. مىلتىق، ئوق ـ دورا، ئارغامچا قاتارلىق بارلىق سايمانلارنى ئېلىپ كەلدىم، ھەتتا پاراخوتتىكى يوتقان ـ كۆرپىلەرنىمۇ ئارالغا ئەكېلىۋالدىم.

# ئۈچىنچى باب

مەن نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ بايا سۆزلەپ ئۆت-
كەن بارلىق مال ـ مۈلۈك، ئاشلىق، قورال، ئوق ـ دورا
قاتارلىق بۇيۇملارنى رېشاتكىنىڭ ئىچىگە يۆتكەپ ئەكى-
رىۋالدىم. هازىر مەن قىرغاققا يۆتكەپ كەلگەن كارىۋاتتا
ياتمايمەن، بەلكى ئاسما كارىۋاتتا يېتىۋاتىمەن، بۇ ئاسما
كارىۋات ئەسلىدە كاپىتاننىڭ ياردەمچىسى ئىشلىتىد-
غان، سۇپىتى ناهايىتى ياخشى كارىۋات ئىدى.

مەن ئاشلىق ۋە نەملىكتە چىرىپ كېتىدىغان نەر-
سىلەرنى چېدىرغا يۆتكەپ كىردىم. بۇ خىزمەتنى تامام-
لىغاندىن كېيىن، رېشاتكىنىڭ چىقىش ئېغىزىنى ئې-
تىۋەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، شوتا بىلەن رېشاتكىدىن
ئارتىلىپ كىرىپ ـ چىقىدىغان بولدۇم. ھەر كۈنى دې-
گۈدەك قورالىمنى ئېلىپ سىرتقا چىقىمەن. بۇنداق
قىلسام، مۇنداق ئۈچ مەقسەتكە يېتەلەيمەن: بىرىنچىدىن،
كۆڭلۈمنى ئاچالايمەن؛ ئىككىنچىدىن، ئوۋ ئوۋلاپ، ئاز ـ
تولا يەيدىغان نەرسە تاپالايمەن؛ ئۈچىنچىدىن، ئارالدىكى
بايلىقلارنى ئېنىقلىيالايمەن. مەن تۇنجى قېتىم سىرتقا
چىقىپلا، ئارالدا بىرمۇنچە تاغ تېكىسى بارلىقىنى



بايقىدىم. بۇ مېنى ئىنتايىن خۇش قىلىۋەتتى. مەن تۇنجى قېتىم بالىسىنى ئېمىتىۋاتقان بىر ئارقارنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم، بۇ ئىش ئۇچۇن كۆڭلۈم بەكلا يېرىم بولدى. شۇنداقتىمۇ گۆشنى پۈتۈنلەي يەپ تۈگەتتىم.

ھازىر مەن زېرىكىشلىك ھەم غەمكىن تۇرمۇشنى باشلىۋەتتىم. بۇنداق تۇرمۇش دۇنيادا تېخى كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە ۋاقىت تەرتىپى بىلەن بىر ـ بىرلەپ خاتىرىلەشنى قارار قىلدىم. مۆلچەرلىشىمچە، قورقۇنچلۇق بۇ دېڭىز ئارىلىغا 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنلىرى كەلگەن بولۇشۇم مۇمكىن.

مەن تۇيۇقسىزلا، خاتىرە دەپتەر، قەلەم ۋە سىياھلىرىمنىڭ يوقلۇقىنى بايقىدىم. شۇڭلاشقا ۋاقىتنى ھېسابلاشنى، ھەتتا دەم ئېلىش كۈنى بىلەن خىزمەت كۈنىنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن پىچاق بىلەن چوڭ تۈۋرۈككە مۇنداق بىر جۈملە سۆزنى، يەنى «1659 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى قىرغاققا چىقتىم» دېگەن سۆزنى ئويۇپ قويدۇم.

تۈۋرۈكتىن كرېست بەلگىسى ياساپ، تۇنجى قېتىم قىرغاققا چىققان جايغا ئورنىتىپ بەلگە قىلىپ قويدۇم. مۇشۇ تۈۋرۈكنىڭ تۆت تەرىپىگە ھەر كۈنى سىزىق ئويۇپ قويىمەن. ھەر يەتتە كۈندە بىر ھەسسە ئۇزۇنلۇقتا سىزىق ئويۇپ قويىمەن. ھەربىر ئايدا تېخىمۇ ئۇزۇن بىر

سىزىق ئويۇپ قويىمەن. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ ئاي، كۈن ھېسابلايدىغان كالېندارىم بارلىققا كەلدى.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئىشنى سۆزلەپ ئۆتەي: مەن پاراخوتتىن يۆتكەپ كەلگەن نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن نەرسىلەرنىڭ قىممىتى ئانچە يۇقىرى ئەمەس ئىدى، بۇلار قەغەز، قەلەم، سىياھلار؛ كاپىتان، كاپىتاننىڭ ياردەمچىسى، توپچى ۋە ياغاچچى ئىشلەتكەن نەرسىلەر؛ ئۈچ ـ تۆت كومپاس، كۆزىتىش، ھېسابلاش ئەسۋابلىرى؛ قۇياش سائىتى، دۇربۇن، خەرىتە ھەمدە دېڭىز يولى كۆرسەتكۈچ كىتابلىرى قاتارلىقلار-دىن ئىبارەت ئىدى. شۇ ۋاقىتتا بۇ نەرسىلەرنىڭ كېرەك-كى بار ـ يوقلۇقىغا قارىماي ھەممىسىنى قىرغاققا ئې-لىپ چىققانىدىم. مەن يەنە ئۈچ پارچە ئىنجىلنى تاپتىم. مەن پاراخوتقا چىققاندا، بۇ بىرنەچچە كىتابنى يۈك ـ تاقلىرىمنىڭ ئىچىگە سېلىۋالغانىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مەندە يەنە نەچچە پارچە پورتۇگالىيە يېزىقىدىكى كىتابمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئىككى ـ ئۈچ پارچە كاتولىك دىنىنىڭ تۇۋا ـ ئىستىغپار كىتابى ۋە باشقا كىتابلار بار ئىدى. شۇڭا مەن بۇ كىتابلارنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ساقلاپ قويدۇم. مەن يەنە بىر ئىشنى سەمىڭلارغا سېلىپ قوياي: پاراخوتتا بىر ئىت، ئىككى مۈشۈك بار ئىدى. ئۇلارنىڭ غەلىتە سەرگۈزەشتلىرىنى كېيىنچە مۇۋاپىق پەيتتە سۆزلەپ ئۆتىمەن. مەن ئىككى مۈشۈكنى

قىرغاقتا ئېلىپ چىقتىم. مەن تۇنجى قېتىم پاراخوتتىن نەرسىلەرنى يۆتكىگەندە، ئىت سۇدا ئۈزۈپ مەن بىلەن بىللە قىرغاققا چىققان. كېيىنكى نۇرغۇن يىللار ئىچىدە ئۇ مېنىڭ سادىق خىزمەتچىم بولۇپ قالدى. ھازىر مېنىڭ ھېچقانداق نەرسەم كەم ئەمەس. ئۇۋ ئىشلىرىمغا ياردەملىشىش ياكى ماڭا ھەمراھ بولۇشمۇ ھاجەتسىز، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىشنى ئارزۇ قىلىمەن، ئەمما بۇ ئىشنى ئۇ قىلالمايدۇ. مەن ئىلگىرى تىلغا ئالغان قەغەز، قەلەم، سىياھلارنى ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن ئىشلەتتىم. سىلەر كېيىن بۇنى كۆرىسىلەر، پەقەت سىياھ بولسىلا، بارلىق ئىشلارنى خاتىرىلىۋالالايمەن. مۇبادا سىياھ تۈگىسە، ھېچنېمىنى خاتىرىلىيەلمەيمەن. چۈنكى، قانداق قىلىپ سىياھ ياساشنى تېخى ئويلاپ تاپالمىدىم.

مەن ئەستايىدىللىق بىلەن ئۆزۈم تۇرغان مۇھىتنى، ھازىرقى ئەھۋالىمنى كۆزىتىشكە باشلىدىم. تۇرمۇشنى تەدرىجىي ياخشىلاش ئۈچۈن توختىماي ئىشلىدىم ھەمدە ھەر كۈنى ئۆزۈمنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنى تەپسىلىي خاتىرىلەپ قويدۇم. مەن ئۆزۈمنى روسلاشقا باشلىدىم. ئىشەنچىمنى يوقىتىپ قويمىدىم. شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۆزۈمگە تەسەللى بېرىپ، ئۆزۈمنى ئىلھاملاندۇردۇم. شۈكۈر ـ قانائەت قىلىشىم ئۈچۈن، بەخت بىلەن بەختسىزلىكنى بىر ـ بىرلەپ سېلىشتۇردۇم. مەن سودا

خاتىرىسى شەكلى بويىچە، «قەرز بەرگۈچى» ۋە «قەرز ئالغۇچى» دېگەن گرافىلارنى تۈزۈپ، ئۆزۈمنىڭ بەختلىك ۋە بەختسىزلىكىمنى، ماڭا بولغان پايدا ۋە زىياننى مۇ-ۋاپىق رەتكە تىزىپ چىقتىم:

△ بالا – قازا ۋە زىيان

*ئادەمزاتسىز بۇ ئارالدا سەرگەردانمەن يىگانە،*
*مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلۇشقا مەندە پەقەت ئۈمىد يوق.*
*ئىنسانلاردىن ئايرىلىپ ياشىماقتىمەن دەرۋىشتەك،*
*ياۋايى ئادەم، يىرتقۇچلاردىن ساقلىنىشقا ئامال يوق.*
*ھەمراھىم يوق سۆزلىشىشكە، كىيىدىغانغا كىيىممۇ،*
*ئەمدى قانداق قىلارمەن، قۇتقۇزۇۋالىدىغان ئادەم يوق.*

△ بەخت ۋە پايدا

*ھەمراھلىرىم ھەممىسى تۇتتى دېڭىزنى ماكان،*
*پەقەت ئۆزەملا قالدىم ھالاكەتتىن ساقلىنىپ.*
*بۇ مۇشكۈلاتتىن قۇتۇلىمىقىم ئەمدى چۈشەر ئاسانغا،*
*جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى پەرۋەردىگارىم شەپقەت قىلىپ.*

*كىيىم كىيىش ھاجەتسىز داۋىم ئىسسىق، قىش بولماس،*
*ئوزۇقۇم بار يەيدىغان، ئاچ قالمايمەن ئارالدا.*
*ئافرىقا دېڭىز بويىدا غەرق بولغان بولسا كېمە،*
*قانداقمۇ قىلارىدىم ئۆزۈم يالغۇز ئۇ جايدا.*

لېكىن تەڭرى ئاجايىپ كۈچ ـ قۇدرىتى بىلەن پارا-
خوتنى دېڭىز قىرغىقىغا ئېلىپ كەلدى، تېخى نۇرغۇن-
لىغان كېرەكلىك نەرسىلەرگە ئېرىشتۇردى. بۇلارنى بىر
ئۆمۈر ئىشلىتىپ بولالمايمەن. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ھا-
زىرقى ئېچىنىشلىق ھالىتىم دۇنيادا مىسلىسىز، لې-
كىن خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغان نۇرغۇن تەرەپلىرىمۇ
بار.

ھازىر مەن ئۆزۈمدىن خېلى خاتىرجەم. دېڭىزغا —
بىرەر پاراخوتنىڭ كېلىشىگە تەلمۈرمەيدىغان بولدۇم.
بارلىق خىياللىرىمنى چۆرۈپ تاشلاپ، مۇشۇ جايدا تۇر-
مۇش كەچۈرۈش پىلانىمنى تۈزۈپ چىقتىم ھەمدە تۇر-
مۇشۇمنى ئىمكانقەدەر ياخشىلىدىم.

ھازىر كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان
بىر قىسىم ئۆي سايمانلىرىنى ياساشقا باشلىدىم: ئالدى
بىلەن ئۆزۈمگە بىر ئۇستەل، بىر ئورۇندۇق ياسىدىم.

بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پاراخوتتىن ئېلىپ كەلگەن
پارچە ـ پۇرات ياغاچلاردىن ياساپ چىقتىم. ئۇستەل ـ ئو-
رۇندۇقلار بولغاندىن كېيىن، خاتىرە يېزىشقا كىرىشتىم.
ھەر كۈنى قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىنى خاتىرى-
لەپ چىقىمەن. ھازىر خاتىرىلىگەن نەرسىلىرىمنى تۆ-
ۋەندىكىچە بايان قىلىپ ئۆتەي: (بەزى ئۆتكەن ئىشلارنى
تىلغا ئېلىپ قويىمەن، ئالدىن سۆزلىگەن ئىشلارنىمۇ
قايتىلايمەن) لېكىن خاتىرە يېزىشىمنى پەقەت سىياھ

تۈگىگەندىلا ئاندىن توختىتىمەن.

## (مېنىڭ كۈندىلىك خاتىرەم)

1659 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى. مەن بىچارە بەختسىز روبىنزون كرۇزو دەھشەتلىك بوراندا پاراخوت دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىش ھادىسىسىگە ئۇچراپ مۇشۇ قاقاس ئارالغا چىقىپ قالدىم. مەن ۋاقتىنچە بۇ ئارالنى «ئۈمىدسىز ئارال» دەپ ئاتاپ تۇراي. پاراخوتداشلىرىمنىڭ ھەممىسى بېلىققا يەم بولدى، ئەمما مەن ملڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلدىم.

مەن پۈتۈن بىر كۈن بىچارە ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمدىن قاتتىق ھەسرەتلەندىم. يەيدىغان نەرسەم، كىيىدىغان كىيىمىم، ئۆي، قورال‌لىرىم، قاچىدىغان جا-يىممۇ يوق. مەندە پەقەت ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇشتىن باشقا، ھاياتلىقتىن قىلچە ئۈمىد قالمىغانىدى. چۈنكى ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ياۋايى ئادەملەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىمىغان تەقدىردىمۇ، ئاچلىقتىن ئۆلۈشۈم مۇمكىن. گۇگۇم چۈشكەندە، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ يەۋېتىشىدىن قورقۇپ، دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر كېچە تۈنىدىم. گەرچە كېچىچە يامغۇر ياغقان بولسىمۇ، ئەمما ناھايىتى ھۇ-زۇرلىنىپ ئۇخلىدىم.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا

ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تاشقىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن سۇ ئۇس-تىگە لەيلەپ چىققان پاراخوتنى كۆردۈم. پاراخوت قىر-غاققا ئەڭ يېقىن جايغا سۈرۈلۈپ كەپتۇ، بۇ بىر كۈتۈل-مىگەن ئەھۋال. مېنى خۇشال قىلغىنى شۇكى، پاراخوت يەنىلا تۈپتۈز تۇرغان ئىكەن. دېڭىز دولقۇنى ئۇنى ۋەيران قىلىۋەتمەپتۇ، شامال توختىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇس-تىگە چىقىپ، ۋاقتىنچە بولسىمۇ ئېھتىياجىمنى قاندۇ-رۇش ئۈچۈن يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ كېلىشنى ئويلىدىم! ئەمما قازا قىلغان ھەمراھلىرىمنى ئويلاپ كۆڭلۈم ئىن-تايىن يېرىم بولدى. مەن، شۇ چاغدا ھەمراھلىرىم ئەگەر پاراخوتتا بولغان بولسا، ھېچبولمىغاندا سۇدا چۆكۈپ ئۆلمىگەن بولاتتى، دەپ خىيال قىلدىم.

10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە ئۇدا پارا-خوتقا چىقىپ، كۆتۈرەلىگۈدەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى-نى يۆتكەپ چىقتىم. دېڭىز تاشقىنى كۆتۈرۈلۈشتىن پايدىلىنىپ، سال بىلەن نەرسە ـ كېرەكلەرنى قىرغاققا يۆتكەپ چىقتىم. مۇشۇ بىرنەچچە كۈندە يامغۇر توختى-ماي ياغدى. يامغۇر بەزىدە ئەدەپ، بەزىدە پەسىيەتتى. قا-رىغاندا، بۇ يەردە ھازىر يامغۇر پەسلى ئوخشايدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى. سال ئۆرۈلۈپ كەتتى. ئۇ-نىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرمۇ سۇغا چۈشۈپ كەتتى. لېكىن سال ئۆرۈلگەن جاي تېيىز ئىدى. شۇڭا، نەرسىلەرمۇ ئېقىپ كەتمىدى. دولقۇن پەسەيگەندە

نەرسىلىرىمنى سۈزۈپ ئېلىۋالدىم.

10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى. كېچە ـ كۈندۈز يامغۇر ياغدى. شامالمۇ تەڭ چىقتى. شامال بارغانسېرى كۈچەيدى. ئاخىر پاراخوتنى ۋەيران قىلىۋەتتى. مۇشۇ بىر كۈندە، پاراخوتتىن يۆتكەپ كەلگەن نەرسىلەرنى ھۆل بولۇپ كەتمىسۇن دەپ ئۈستىگە بىر نەرسە يېپىپ جايلاشتۇرۇپ قويدۇم.

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى. ياتقۇدەك مۇۋاپىق جاي تېپىش ئۈچۈن قىرغاقتا بىر كۈن قاترىدىم. مېنىڭ ئەڭ ئەنسىرەيدىغىنىم بىخەتەرلىك مەسىلىسى ئىدى. شۇڭا، كېچىسى ياۋايى ھايۋان ۋە ياۋايى ئادەملەرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمىدىن ساقلانغۇدەك جاي تېپىشىم كېرەك. قاش قارايغاندا، تاغ جىنسلىرى ئارىسىدىن مۇۋاپىق بىر جاينى تاپتىم. شۇنىڭ بىلەن يېرىم چەمبەر شەكىل سىزىپ، تۇرالغۇ جاي ياساپ چىقتىم ھەم يېرىم چەمبەر ئۈستىگە ئىككى قەۋەت قوزۇق قېقىپ، ئوتتۇرىسىغا ئارغامچا تارتىپ، سىرتىغا يەنە ئوت ـ چۆپلەرنى يېپىپ مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىستىھكامى، يەنى سېپىلى بار قورغانغا ئوخشاش قۇرۇلۇش ياساپ چىقتىم.

26 ـ كۈندىن 30 ـ كۈنگىچە مەن باش چۆكۈرۈپ قاتتىق ئىشلىدىم. گەرچە بەزىدە قاتتىق يامغۇر ياغسىمۇ، بارلىق مال ـ مۈلۈكلىرىمنى يېڭى ئولتۇراق جايىمغا يۆتكەپ ئېلىپ بېرىۋالدىم.

31 ـ كۈنى ئەتىگەندە قورالىمنى ئېلىپ، ئارالنىڭ ئىچىگە كىردىم. بىرىنچىدىن، يېمەكلىك ئىزدىمەكچى، ئىككىنچىدىن، ئارالنىڭ ئەتراپىنى كۆرۈپ چىقماقچى ئىدىم، مەن بىر ئارقارنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ، ئوغلىقىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم. كېيىن ئۇنىمۇ ئۆلتۈردۇم. چۈنكى، ئوغلاق ھېچ نەرسە يېمەي تۇرۇۋالدى.

11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. دۆڭلۈكتە چېدىر ياسىدىم. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە چوڭراق ياسىدىم. ئىچىگە بىر نەچچە تال قوزۇق قېقىپ ئاسما كارىۋات ياساپ، بىرىنچى كېچىسى چېدىرنىڭ ئىچىدە ياتتىم.

11 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى. بارلىق يەشىك، تاختاي، سال ياسايدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنى يېرىم چەمبىرەك بويلاپ قويۇپ رېشاتكا ياساپ، ئۇنى مۇداپىئە ئىستىھكامى قىلدىم.

11 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. مىلتىقنى ئېلىپ سىرتقا چىقتىم. ياۋا ئۆردەككە ئوخشايدىغان ئىككى ئۇچار قۇشنى ئوۋلىدىم. گۆشى ناھايىتى تەملىك ئىكەن. چۈشتىن كېيىن ئۈستەل ياساشقا باشلىدىم.

11 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى. ئەتىگەندە پىلان تۈزدۇم. خىزمەت ۋاقتى، ئوۋ ئوۋلاش ۋاقتى، ئۇخلاش ۋاقتى، ساياھەت قىلىش ۋاقتىنى بېكىتتىم. پىلانىم مۇنداق: ھەر كۈنى ئەتىگەندە، ئەگەر يامغۇر ياغمىسا، مىلتىقنى ئېلىپ ئىككى ـ ئۈچ سائەت سىرتنى چۆرگىلەپ، سائەت 11

گىچە ئۇۋ ئۇۋلاش؛ ئۇنىڭدىن كېيىن نېمە بولسا شۇنى يېيىش؛ 12 دىن 2 گىچە چۈشلۈك ئۇخلاش ۋاقتى. چۈنكى بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ناھايىتى ئىسسىق، قاش قارايغاندا يەنە خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش.

بۈگۈن ۋە ئەتىكى خىزمەت ۋاقتىمنى ئۈستەل ياساشقا ئاتىدىم. ھازىر مەن نائۇستا ياغاچچى. بىرنەرسە ياساش ئۈچۈن نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىمەن، ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەلىكىلىك ئىشچىغا ئايلاندىم. ئادەم نېمە ئىشنى كۆپ قىلسا، شۇ ئىشقا پۇختا بولىدىكەن، يەنە بىر تەرەپتىن ئېھتىياج ئۈچۈن مەجبۇرىي ئۆگىنىدىغان گەپ. ئىشىنىمەنكى، بۇنداق جايدا ھەرقانداق ئادەم بېشىغا كەلگەندە مۇشۇنداق ئىشنى قىلالايدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. قورالىمنى ئېلىپ سىرتقا چىقتىم. ئىتىمنىمۇ ئېلىۋالدىم. مەن بىر ياۋا مۈشۈكنى ئېتىۋەتتىم. ئۇنىڭ تېرىسى يۇمشاق بولسىمۇ، گۆشىنى يېگىلى بولمايدىكەن. مەن ھەر قېتىم ھايۋانلارنى ئۆلتۈرگەندە، ئۇلارنى سويۇپ تېرىسىنى ساقلاپ قويىمەن. دېڭىز قىرغىقىدىن يېنىپ كەلگەندە، ھەر خىل قۇشلارنى كۆرىمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئۇقمايمەن. يەنە ئىككى ـ ئۈچ دېڭىز يىلپىزىنى كۆردۈم. ئۇلار مېنى ھەيران قالدۇردى. مەن دەسلەپ ئۇلارنى كۆرگەندە، دەماللىققا زادى ئۇلارنىڭ قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. كېيىن ئۇلار دېڭىزغا قاراپ ئۈزدى. بۇ قېتىم

ئۇلار مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن قېچىپ كەتتى.

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. ئەتىگەندە سىرتقا چىقىپ كېلىپ ئۇستەل ياساشنى داۋاملاشتۇردۇم. ئاخىر ئۇستەلنى ياساپ پۈتتۈردۇم، لېكىن بەك سەت بولۇپ قالدى. ئۆزۈممۇ رازى بولمىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۇستەلنى ئۆزگەرتىمۋەتتىم.

11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى. ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىدى. 7 ـ، 8 ـ، 9 ـ، 10 ـ كۈنلىرى ھەمدە 12 ـ كۈندىكى بىر قىسىم ۋاقىتنى (11 ـ كۈنى يەكشەنبە) ئورۇندۇق ياساش بىلەن ئۆتكۈزدۇم. خېلى كۈچ سەرپ قىلىپ، ئاۋۋال ئورۇندۇقنىڭ شەكلىنى تۈزۈپ چىقتىم. ياساش داۋامىدا، بىرنەچچە قېتىم بۇزۇپ ئوڭشىدىم.

قوشۇمچە خاتىرە: ئۇزۇن ئۆتمەي دۇئا ـ تىلاۋەت قىلمايدىغان بولدۇم. چۈنكى، ياغاچ تۈۋرۈككە سىزىق ئويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. كۈنلەرنىڭ قايسى كۈن ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم.

11 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. يامغۇر ياغقانىدى، ھاۋامۇ سالقىنلىشىپ قالدى، لېكىن يامغۇرغا ئەگىشىپ گۈلدۈرماما چاقنىدى. بۇنىڭدىن بەكلا قورقۇپ كەتتىم. چۈنكى، گۈلدۈرماما تەسىرىدىن ئوق ـ دورىلارنىڭ پارتلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدىم. گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر توختىدى، خەتەردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوق ـ دورىلارنى نۇرغۇن كىچىك بولاقلارغا ئايرىپ قويدۇم.

11 ـ ئاينىڭ 14 ـ ، 15 ـ ، 16 ـ كۈنلىرى. بۇ ئۈچ كۈندە نۇرغۇنلىغان كىچىك قۇتا ياساپ چىقتىم. ھەربىر قۇتىغا بىر ـ ئىككى قاداق پوروخ قاچىلىغىلى بولاتتى. پوروخلارنى قۇتىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، ئۇلارنى ئېھتىيات بىلەن بىخەتەر جايغا قويۇپ قويدۇم. ئارىلىقتا بىر كۈنى بىر قۇشنى ئېتىپ چۈشۈردۇم. ئۇنىڭ گۆشى ناھايىتى تەملىك ئىكەن، ئەمما ئۇنىڭ نېمە قۇشلىقىنى بىلەل-مىدىم.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى. چېدىر كەينىدىكى قىياتاش-نى كولاپ تۆشۈك ئاچتىم. بۇنىڭدىن مەقسەت تۇرغان بوشلۇقۇمنى كېڭەيتىش، تۇرمۇشۇمنى تېخىمۇ قۇلايلاش-تۇرۇش ئىدى.

11 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى. ئورمانلىقنىڭ ئىچىنى كۆ-زىتىپ چىقتىم. برازىلىيىنىڭ «تۆمۈر دەرىخى» گە ئوخشايدىغان بىر خىل دەرەخنى بايقىدىم. بۇ دەرەخنىڭ ياغىچى ئىنتايىن قاتتىق ئىدى. شۇنچە كۈچەپ چېپىپ، ئاران بىر پارچە چۈشۈرەلىدىم. يەنە نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ، تۇرالغۇمغا ئېلىپ كەلدىم. چۈنكى، بۇ ياغاچ ھەقىقەتەنمۇ ئېغىر ئىدى.

بۇ خىل ياغاچ ماتېرىيالى بەكمۇ پۇختا ئىكەن، لېكىن مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق. شۇڭا، كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ گۈرجەك ياسىدىم.

11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى. قورال ياساش ئۈچۈن باشقا

خىزمەتلەرنى تاشلاپ قويدۇم. قوراللارنى ياساپ بولۇپ، قالغان ئىشلارنى ئىشلىدىم. پەقەت ۋاقتىم بولسىلا، پۈتۈن زېھنىم بىلەن ئىشلىدىم. توپتوغرا 18 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ئۆچكۈرنى كېڭەيتتىم ۋە چوڭقۇرلاتتىم. ئۆيۈمنى كېڭەيتكەندىن كېيىن، نەرسىلەرنى ساقلاش تېخىمۇ قولايلىق بولدى.

قوشۇمچە خاتىرە: بىرنەچچە كۈن ئىچىدە مېنىڭ ئاساسلىق خىزمىتىم ئۆچكۈرنى كېڭەيتىش بولدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئۆچكۈر نەرسە- كېرەك ساقلاش ئۆيى بىلەن ھەربىي ئوق- ياراغ ئامبىرىغا ئايلاندى. مېنىڭ ئاشخانام، گەمە ئۆيۈم بار بولدى. مەن ئادەتتە چېدىردا ياتىمەن. پەقەت يامغۇر قاتتىق يېغىپ چېدىردىن ئۆتۈپ كەتكەندە كاماردا ياتىمەن. شۇڭا، كېيىن رىشاتكىنىڭ ئۈستىدىن شاخ- شۇمبىلارنى ئۇلاپ لەمپە قىلىپ، ئۇنىڭغا ئوت- چۆپلەرنى يېپىپ بىر كەپىگە ئوخشاش ئۆي ياساپ چىقتىم.

12- ئاينىڭ 10- كۈنى. مەن ئەسلىدە ئۆچكۈر قۇرۇلۇشى تۈگىدى دەپ قارىغانىدىم، تۇيۇقسىز ئۆچكۈر گۈمۈرۈلۈپ كەتتى. قارىغاندا، ئۆچكۈرنى بەك چوڭ كولىۋەتكەن ئوخشايمەن. نۇرغۇن لاي- توپىلار ئۆچكۈرنىڭ ئۈستىدىن ۋە يان تەرىپىدىن سىرغىپ چۈشتى، چۈشكەن لاي- توپىلارنىڭ كۆپلۈكى مېنى قورقىتىۋەتتى. بۇ قورقۇنچلۇق ئىشنىڭ ئەلۋەتتە سەۋەبى بولىدۇ. ئەگەر

ئۆڭكۈر گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەندە ئىچىدە بولغان بولسام، ئاللىقاچان ھاياتىمدىن ئايرىلغان بولاتتىم. جەسىتىمگە ئۆرەك كولاشمۇ ھاجەتسىز ئىدى. بۇ قېتىم بالا ـ قازا يۈز بەرگەندىن كېيىن، قايتىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان خىزمەتلەرنى قىلدىم. بوشاپ چۈشۈپ كەتكەن توپىلارنى سىرتقا توشۇپلا قالماستىن، يەنە تورۇس ياسىدىم. ئۆرۈلۈپ چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاستىدىن بىر تۈۋرۈك تىرەپ قويدۇم.

12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى. بۈگۈن مەن تۈنۈگۈنكى پەلان بويىچە ئىش باشلىدىم. ئىككى تال لىمنى تىرەك قىلىپ، ھەربىر لىمنىڭ ئۈستىگە ئىككى تال شال بىلەن ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىنى تىرەپ قويدۇم. بۇ خىزمەتنى ئىككىنچى كۈنى تاماملىدىم. ئاندىن تۈۋرۈكلەر بىلەن تاختايلارنى تىرەپ قويدۇم. تەخمىنەن بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىنى مۇستەھكەملىدىم. ئۆڭكۈر ئىچىدە قاتار ـ قاتار تۇرغان تۈۋرۈكلەر ئۆينى نەچچىگە بۆلۈۋەتتى.

12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە ئۆڭكۈر ئىچىگە نۇرغۇن ياغاچ جازىلارنى بېكىتتىم. يەنە تۈۋرۈكلەرگە نۇرغۇن مىخ قاقتىم، ئېسىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاستىم. ھازىر مېنىڭ تۇرالغۇم قارىغاندا خېلى ئازادە بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ.

12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى. بارلىق نەرسىلەرنى

ئۆڭكۈرگە ئېلىپ كىردىم ھەمدە تۇرار جايىمنى ئورۇن-
لاشتۇردۇم. يەيدىغان نەرسىلىرىمنى رەتلىك قويۇش ئۈ-
چۈن، تاختاي بىلەن جازا ياسىدىم. لېكىن تاختايلار
بارغانسېرى ئاز قالغىلى تۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا مەن يەنە
بىر ئۇستەل ياسىدىم.

12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى. پۈتۈن كۈن يامغۇر ياغقاچ-
قا، ئۆيدىن چىقمىدىم.

12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى. يەنە پۈتۈن كۈن يامغۇر
ياغدى.

12 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى. يامغۇر توختاپ، كۈن
چىقتى. ھاۋا سالقىنلىدى. بۇ، كىشىگە ھوزۇر بېغىش-
لايتتى.

12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى. بىر تاغ تېكىسىنى ئوۋ-
لىدىم، يەنە بىر تاغ تېكىسىنىڭ پۇتىنى زەخمىلەندۈ-
رۈپ، ئارغامچا بىلەن باغلاپ ئۆيگە يېتىلەپ كەلدىم.

ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، تاغ تېكىسىنىڭ زەخمە-
لەنگەن پۇتىنى تاختاي قويۇپ تېڭىپ قويدۇم.

قوشۇمچە خاتىرە: كۆڭۈل قويۇپ باققانلىقىمدىن،
يارىلانغان تاغ تېكىسى ئەي بولدى. پۇتىمۇ ساقىيىپ
ناھايىتى ساغلام، تېتىك چوڭ بولدى. ئۇزۇن ۋاقىت
باققانلىقىمدىن تاغ تېكىسى ئاستا ـ ئاستا ماڭا كۆندى،
ئۇ كۈنبويى ئىشىكىم ئالدىدىكى ئوتلاقتا ئوتلايتتى، يى-
راققا كەتمەيتتى. بۇ ئىش مېنى بىر ئويغا سالدى.

مەن كۆندۈرەلەيدىغان هايۋانلارنى بېقىشنى ئويلىدىم. شۇنداقتا، كېيىن ئوق ـ ياراغلىرىم تۈگەپ كەتسىمۇ يەيدىغان نەرسىلەردىن غەم قىلمايتتىم.

12 ـ ئاينىڭ 28 ـ ، 29 ـ ، 30 ـ كۈنلىرى. هاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتتى. ئازراقمۇ شامال يوق ئىدى. كۈن بويى ئۆيدە تۇرۇپ، كەچ كىرگەندە ئاندىن سىرتقا چىقىپ يېمەكلىك ئىزدىدىم. سىرتقا چىقمىغاندا، كۈن بويى ئۆي ئىچىنى رەتلىدىم.

1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. هاۋا يەنىلا ئىسسىق ئىدى. ئەتىگەندە ۋە كەچتە سىرتقا چىقتىم. چۈشتە ئۇخلىدىم. كەچ كىرگەندە ئارالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تاغ جىلغىسىغا كىرىپ، نۇرغۇنلىغان ياۋا تېكىنى بايقىدىم، لېكىن ئۇ- لار ناهايىتى تېز قاچىدىكەن، تۇتماق تەس ئىكەن. ئىتىمنى ئەكېلىپ، ئۇلارنى تۇتۇشنى سىناپ باقماقچى بولدۇم.

1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى. تۈنۈگۈنكى ئويۇم بويىچە ئىتنى تاغ جىلغىسىغا ئەكېلىپ، تاغ تېكىسىنى قوغ- لاپ تۇتۇشقا قويۇۋەتتىم، لېكىن خاتا ئويلاپتىمەن. تاغ تېكىسى قاچماي، ئەكسىچە ئىتىم بىلەن قارشىلاشتى. ئىتىممۇ خەتەرنى بىلىپ، تاغ تېكىسىنىڭ توپىغا يې- قىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. چىتلاق ۋە قورۇق تام ياساشقا تۇتۇش قىلدىم. چۈنكى، هازىرغىچە هۇجۇمغا

ئۇچراشتىن ئەنسىرەيتتىم. مەن توسۇق تامنى ھەم قىپ-لىن، ھەم پۇختا قىلىپ ياسىماقچى.

قوشۇمچە خاتىرە: قورۇق تام ياساش توغرىسىدا ئال-دىدا توختالغانىدىم، بۇ توغرۇلۇق قايتا توختىلىپ ئول-تۇرمايمەن. بۇ يەردە 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىن 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگىچە قورۇق تام ياسىدىم، ئاخىر تامنى ياساپ بولدۇم. ئۆزۈمچە خېلى مۇكەممەل ياسىدىم دەپ ئويلاي-مەن. قورۇق تام يېرىم چەمبەر شەكلىدە بولۇپ، قىيا-تاشنىڭ يەنە بىر تەرىپىگىچە ئۇلانغان. ئىككى تەرەپنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن سەككىز يارد كېلىدۇ. قورۇق تام-نىڭ ئۇزۇنلۇقى 24 يارد كېلىدۇ. كامارنىڭ ئىشىكى دەل قورۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كەينى قىسمىغا جاي-لاشقان.

مۇشۇ مەزگىل ئىچىدە تىرىشىپ ئىشلىدىم، گەرچە يامغۇر نەچچە كۈن، ھەتتا بىرنەچچە ھەپتىگىچە ئىش-لىرىمنى كېچىكتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، مېنىڭچە قورۇق تامنى پۇختا سالمىسام، ئۆيدە ياتساممۇ خاتىرجەم بولال-مايتتىم. ھەربىر خىزمەتنى قىلغان چاغدا سەرپ قىلغان ئەمگىكىمنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈپ بولۇش تولىمۇ تەس. بولۇپمۇ ئاشۇ قوزۇقلارنى ئورمانلىقتىن يۆتكەپ كېلىش، يەنە تېخى يەرگە قېقىپ ئورنىتىش ئىنتايىن كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىغان ئىش ئىدى. چۈنكى ئۇ قوزۇقلارنى ناھايىتى چوڭ ياساپ قويۇپتىمەن،

ئەمەلىيەتتە ئۇنچىلىك چوڭ قوزۇق بولمىسىمۇ بولاتتى.
قوزۇق تام ياسىلىپ بولدى، يەنە تامنىڭ سىرتىغا ئوت ـ چۆپ بىلەن لاي تام ياسالدى.

ناۋادا ئارالغا بىرەر ئادەم كېلىپ قالسىمۇ، ئۇ ي ئىچىدە ئادەم بارلىقىنى بىلەلمەيتتى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋال-غىلى بولىدۇكى، مېنىڭ بۇ خىل ھەرىكىتىم خېلى ئاقىلانە بولغان. كېيىن ئەمەلىيەت بۇلارنى ئىسپاتلىدى.

شۇ چاغلاردا يامغۇر ياغمىسىلا، دائىم ئورمانلىقتا كىرىپ ئوۋ ئوۋلايتتىم ھەم دائىم يېڭى نەرسىلەرنى بايقاپ، تۇرمۇشۇمنى ياخشىلايتتىم، بولۇپمۇ مەن بىر خىل ياۋا كەپتەرنى بايقىدىم. ئۇلار ئالا بالداق ئورمان كەپتىرىدەك دەرەخ ئۈستىدە ئۇۋا ياسىمايدۇ، بەلكى ئۆي كەپتىرىدەك تاش كامارلار ئىچىدە ئۇۋا ياسايدۇ. مەن بىرنەچچە باچكىنى تۇتۇپ كېلىپ بېقىپ چوڭ قىلدىم، لېكىن ئۇچۇرما بولغاندا ئۇچۇپ كەتتى. ئويلىسام، ئۇلارغا دائىم يېمەكلىكلەرنى بېرىپ تۇرمىغانلىقىمدىن ئۇچۇپ كەتكەن بولسا كېرەك. ئەمەلىيەتتە ئۇلارغا بەر-گۈدەك ھېچ نەرسىمۇ يوق ئىدى. مەن دائىم ئۇلارنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىپ، باچكىلارنى تۇتۇپ كېلىپ يېدىم. باچكا گۆشى ئىنتايىن تاتلىق.

ئۆي تۇتۇش جەريانىدا نۇرغۇن نەرسىنىڭ كەملى-كىنى ھېس قىلدىم. بەزى نەرسىلەرنى پەقەتلا ياسىغىلى بولمايتتى. مەسىلەن، ياغاچ تۇڭنى ياسىغىلى بولمايتتى.

ئىلگىرى مەندە ئىككى كىچىك تۇخۇمنىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالغان، ھازىر مەن نەچچە ھەپتە ھەپىلىشىپمۇ بىر تۇڭ ياسىيالمىدىم. تۇخۇمنىڭ ئاستىغا تاختاي ئورناتماق تەس، ئاخىر تۇڭ ياساش ئوييۇمدىن ۋاز كەچتىم.

ئۇنىڭدىن باشقا شام ياساشقا ئامالسىز قالدىم، شۇڭلاشقا قاراڭغۇ چۈشسىلا ئۇخلاشقا مەجبۇر بولىمەن. بۇ يەردە سائەت يەتتىلەردىلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ. ئىب-سىمدە قېلىشىچە، ئىلگىرى مەندە بىر پارچە موم بار ئىدى. ئۇنى ساردىكى قاراقچىلار پاراخوتىدىن ئافرىقا دېڭىز قىرغاقلىرىغا قاراپ قېچىۋاتقان چاغدا شام قى-لىپ ئىشلەتكەنىدىم، ھازىر موم ئاللىقاچان تۈگەپ كەتتى. شۇڭا، مېنىڭ بىردىنبىر ئامالىم شۇ بولدىكى، ھەر قېتىم تاغ تېكىسىنى ئۆلتۈرگەندە ئۇنىڭ مېيىنى قالدۇرۇپ قويدۇم، لايدىن بىر تەخسە ياساپ قۇرۇتتۇم، ماينى شۇ تەخسىگە سېلىپ، چىگىدە پىلىك ياساپ، چىراغ ياساپ چىقتىم. چىراغ نۇرى گەرچە شامدەك يو-رۇق بولمىسىمۇ، ئۆي ئىچىنى ئاز - تولا يورۇتۇپ تۇراتتى.

مەن مۇشۇ ئىشلارنى قىلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز بىر خالتا تېپىۋالدىم. مەن يۇقىرىدا بۇ خالتا توغرىسىدا سۆزلەپ ئۆتكەن. بۇ خالتىغا ئازراق تېرىق قاچىلانغان بولۇپ، بۇنى ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش ئۈچۈن تەييارلى-غان. بۇ تېرىقلارنى ئالدىنقى قېتىم لىسبوندىن پاراخوتقا

چىققاندا ئېلىۋالغانىدىم. خالتىنىڭ ئىچىدىكى تېرىقلارنى چاشقان يەپ بوپتۇ. پەقەت كېپىكى بىلەن توپىسى قاپتۇ. مەن بۇ خالتىغا ئىنتايىن موھتاج بولغاچقا، خالتىدىكى كېپەك ۋە توپىلارنى قىيا تاشنىڭ تۈۋىدىكى قورۇق تام ئەتراپىغا چېچىۋەتكەن ھەمدە ئۇ خالتىنى پوروخ قاچىلاشقا ئىشلەتكەنىدىم. چۈنكى ئۇ چاغدا گۈلدۈرماما مېنى قورقۇتىۋەتكەچكە، پوروخلارنى نەچچىگە بۆلۈپ ساقلاشقا ئالدىرىغانىدىم.

تېرىق كېپەكلىرىنى تاشلىۋەتكەن چاغ دەل يۇقىرىدا سۆزلىگەن يامغۇر پەسلىنىڭ ئالدىدىكى ئىش ئىدى. بۇنى تاشلىۋېتىپلا ئۇنتۇپ قاپتىمەن. تەخمىنەن بىر ئايدىن كېيىن يەردە ياپيېشىل مايسا ئۆسكەنلىكىنى بايقىدىم. دەسلەپتە ئۇنى مەن كۆرۈپ باقمىغان ئۆسۈملۈك بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدىم، كېيىن ئۇنىڭدىن 11 ـ 12 تال باشاق چىققانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ياۋروپا ۋە ئەنگلىيىنىڭ ئارپىسى بىلەن ئوخشاش ئىدى. بۇ ئىش مېنى ھەيران قالدۇردى.

مەن بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، بەك ھەيران قالدىم. كۆڭلۈمدىكى پاراكەندىچىلىكنى شۇ تاپتا قەلەم بىلەن ئىزھار قىلىپ بېرەلمەيمەن.

مەن دىنغا ئىشەنمەيتتىم، دىنىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى بىلەن ئۆزۈمنى چەكلىمەيتتىم. ھەممىنى تاسادىپىيلىق ياكى تەڭرىنىڭ شۇنداقلا ئىشىدۇ دەپ

قارايتتىم، ئەزەلدىن دۇنيانىڭ پەيدا بولۇشى ياكى نەر-سىلەرنىڭ ياسىلىشى ھەققىدىكى پرىنسىپلارنى سۈ-رۈشتە قىلمايتتىم. مايىسىلارنى كۆرگەندە گەرچە بۇ جاينىڭ ھاۋا كىلىماتى تېرىقلارنى ئۆستۈرۈشكە مۇۋاپىق كەلمىسىمۇ، لېكىن ئارپا يەنىلا ئۈنۈپ چىقىپتۇ دەپ ھەيران قالدىم. يەنە كېلىپ بۇ ئارپىلارنىڭ قانداق ئۈن-گەنلىكىنى بىلمەيمەن. بۇنىڭغا ھەيران بولۇشۇم تەبى-ئىي ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «كىشىلەر تېرىمىسىمۇ بۇ يەردە زىرائەتلەر ئۈنۈپ چىقىپتۇ، بۇ ئەلۋەتتە ئادەمزات يوق قاقاس ئارالدا مېنى ياشىسۇن دەپ تەڭرىنىڭ كۆر-سەتكەن كارامىتى بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم.

مۇشۇلارنى ئويلاپ، ناھايىتى ھاياجانلاندىم. كۆز يې-شىمنى توختىتالمىدىم. ئۆز تەقدىرىمگە خۇشال بولدۇم. بۇ ئاز ئۇچرايدىغان غەلىتە ئىش. دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان بۇ خىل ئىش دەرۋەقە ماڭا نىسىپ بوپتۇ.

ئارپىنىڭ پىشىش مەزگىلى يېتىپ كەلدى. تەخمىنەن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولسا كېرەك، مەن ئېھ-تىياتسىز ھالدا باشاقلارنى يىغىپ ساقلاپ قويدۇم.

بىر تال داننىمۇ يوقىتىپ قويۇشقا كۆزۈم قىيمى-دى. مەن يىغىۋالغان مۇشۇ ئارپىلارنى ئۇرۇق قىلىپ قايتا بىر قېتىم تېرىشنى، كېيىن تېخىمۇ كۆپ مول ھوسۇل ئېلىپ بولكا قىلىپ يېيىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. تاكى تۆتىنچى يىلىغىچە ئۆزۈم تېرىغان ئاشلىقنى

يىدىم، ئەمما تېجەپ ئىشلەتتىم. بۇ توغرىسىدا كېيىن توختىلىمەن. تۇنجى قېتىم يەر تېرىغاندا پەسىل توغرا كەلمىگەچكە، ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسى قۇرۇپ كەتتى. چۈنكى مەن دەل قۇرغاقچىلىق پەسلى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تېرىپتىمەن، نەتىجىدە ئۇرۇق قىلچە بىخ چىقارمىدى.

ئارپىلاردىن باشقا يەنە 20 ـ 30 تال ئارپا غولى بار ئىدى. مەن ئوخشاشلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئۇ ئارپىلارنى يىغىپ قويدۇم. بۇنىڭدىكى مەقسەت قايتا تېرىپ، بولكا ياكى ئۇن تاماقلىرى قىلىپ يېيىش ئۈچۈن ئىدى. كېيىن بۇ نەرسىلەرنى ھەم قۇرۇتۇپ، ھەم ئوتقا قاقلاپ ۋە بەزىدە سۇدا پىشۇرۇپ يىدىم. ئەمدى يەنە ئۆز خاتىرەمگە كېلەيلى.

بۇ ئۈچ ـ تۆت ئايدا تىرىشىپ ئىشلەپ قورۇق تام ياسىدىم. 4 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىگە كەلگەندە قورۇق تامنى ياساپ بولدۇم. ئەسلىدە ئىشىكتىن كىرىپ ـ چىقىشتا، شوتا ياساپ تامدىن ئارتىلىپ چىقىپ ـ چۈشۈش پىلانىملا بار ئىدى. شۇنداق قىلغاندا سىرتتىكى ئادەملەر بۇ جاينىڭ ئادەم تۇرىدىغان جاي ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيتتى.

4 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى. شوتا بىلەن تامغا چىقىپ، شوتىنى يەنە ئۇ يەردىن ئېلىپ تامنىڭ ئىچىگە قويۇپ چۈشتۇم. قورۇق تام پۈتۈن ئېتىلگەن. تام ئىچىدە پائالىيەت قىلىدىغان بوشلۇقمۇ يېتەرلىك ئىدى. تامنىڭ

سىرتىدىكى كىشىلەر تامدىن ئارتىلىپ كىرمىسىلا، ئىچىگە كىرىشكە ئامالسىز ئىدى.

تامنى ياساپ بولغان ئىككىنچى كۈنى يەر تەۋرەپ كەتتى. جىنىمدىن ئايرىلاي دەپ قالدىم. قىلغان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسى بىكارغا كەتكىلى تاسلا قالدى.

يەر تەۋرەپ بىردەمدىن كېيىنلا قارا يامغۇر ياغدى. بۇ يامغۇر مېنى يەنە بىر ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ بولسىمۇ تام ئاستىدىن تۆشۈك تېشىپ سۇنى چىقىرىۋېتىش ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، ئۆڭكۈرنى سۇ بېسىپ كېتىشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. ئۆڭكۈردە بىردەم ئولتۇرۇپ، يەر تەۋرەش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندىم. بۇ چاغدا مەن يۈرەكلىك بولۇش كېرەكلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا، ئامبارغا كىرىپ كىچىك بىر رومكا شېكەر قومۇشى ھارىقى ئىچتىم. مەن بۇنى ناھايىتى تېجەپ ئىچەتتىم. چۈنكى، ئىچىپ بولسام تۈگەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم.

يامغۇر بىر كېچە ـ كۈندۈز توختىماي ياغدى، ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندىمۇ ياغدى. شۇڭا سىرتقا چىقمىدىم. ھازىر مەن خېلىلا تىنچىپ قالدىم. كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى ئويلىدىم. ئاخىردا، ئارالدا دائىم يەر تەۋرىسە، كاماردا تۇرسام بولمايدىكەن دېگەن خۇلاسىگە كەلدىم. مەن تۈپتۈز جايدا بىر كەپە ياساش قارارىغا كەلدىم. كەپىنىڭ تۆت ئەتراپىغا تام ياساپ، ياۋايى ھايۋان بىلەن

ياۋايى ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلانماقچى بولدۇم. ئە-
گەر مەن مۇشۇ جايدا داۋاملىق تۇرۇۋەرسەم، ھامان بىر
كۈنى تىرىك كۆمۈلۈپ كېتىمەن.

مۇشۇ يەرگىچە ئويلاپ، چېدىرنى ئەسلىدىكى جايى-
دىن يۆتكەشنى قارار قىلدىم. ھازىرقى چېدىر دەل تاغ
باغرىدىكى قىيا تاشنىڭ تۈۋىگە تىكىلگەن ئىدى. ئەگەر
يەنە يەر تەۋرىسە، قىيا تاش ئۈستىدىكى نەرسىلەر چې-
دىرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ئۇنى بۇزۇۋېتەتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئىككى كۈن ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 4 ـ ئاينىڭ
17 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە يېڭى تۇرار جايغا كۆچۈش
چارىسىنى پىلانلىدىم.

4 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ئەتىگەندە، ئۆي كۆچۈش پى-
لانىمنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئويلىدىم، لېكىن قورال
مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەسكە چۈشتى. مېنىڭ ئۈچ
چوڭ پالتام ۋە نۇرغۇن كىچىك پالتام بار (مەن بۇ
كىچىك پالتىلارنى ئافرىقىلىقلار بىلەن سودا قىلىش
ئۈچۈن ئېلىۋالغان). لېكىن دائىم قاتتىق ياغاچلارنى
چاپقاچقا، پالتا پۈچۈلۈپ گاللىشىپ كېتىپتۇ. پىچاق
بىلەيدىغان ماشىنىدىن بىرسى بار ئىدى، بىراق پىرقى-
رىتىدىغان سايمان يوق ئىدى. چاقپەلەكنى پىرقىرىتىش
ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئويلاندىم. خۇددى سىياسىيونلار
دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئويلىغىنىدەك، سوتچىلار
بىر ئادەمنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلىگىنىدەك كۆپ باش

قاتۇردۇم. ئاخىر مەن بىر تال ئارغامچىنى چاققا باغلاپ پۇت بىلەن چاقنى ئايلاندۇرۇپ، قول بىلەن قورال ـ ساي- مانلارنى بىلگىلى بولىدىغان بىر چارىنى ئويلاپ تاپ- تىم.

قوشۇمچە خاتىرە: ئەنگلىيىدە، ئەزەلدىن بىلەي كۆ- رۈپ باقمىغانىدىم. كۆرگەن بولسامۇ، بۇنداق نەرسىنىڭ شەكلىگە دىققەت قىلمىغان ئىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە ئەنگلىيىدە بۇنداق بىلەينى ھەممىلا يەردە دېگۈدەك كۆرگىلى بولاتتى. ئەسلىي گەپكە كەلسەك، ياسىماقچى بولغان چاقپەلىكىم ھەم چوڭ، ھەم قوپال ئىدى. بىر ھەپتە ھەپىلىشىپ، بۇ بىلەش ماشىنىسىنى ياساپ پۈت- تۈردۈم.

4 ـ ئاينىڭ 28 ـ ، 29 ـ كۈنلىرى ئالدىراشلىق ئى- چىدە سايمانلىرىمنى بىلىدىم، چاقلىق بىلەش ماشىنى- سىنىڭ ئۈنۈمى ياخشى بولدى.

4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى. ئوزۇقلىرىمنىڭ زور دەرىجىدە ئازايغانلىقىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى بىر تال پىرەنىك يېيىشنى قارار قىلدىم. بۇ مې- نى غەمكە سالدى.

5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. تاڭ ئېتىش بىلەنلا، دېڭىز يۈزىگە قارىدىم. تاشقىن پەسكويغا چۈشكەنىدى. سوغىغا ئوخشاش بىر نەرسە دېڭىز قىرغىقىدا تۇراتتى. يېنىغا بېرىپ قارىسام، ئەسلىدە ئۇ بىر كىچىك سوغا ۋە پارا-

خوتۇننىڭ قالدۇقلىرى ئىكەن. قىرغاقتا ئېقىپ كەلگەن سوغىنىڭ ئىچىگە قارىسام، ئۇنىڭدا پورۇخ بولۇپ، سۇدا نەملىشىپ تاشتەك قېتىپ قاپتۇ، لېكىن ئۇنى يەنىلا قىرغاققا دومىلىتىپ ئەكەلدىم.

5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى. دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى بار-دىم، لېكىن بۇنىڭ ئىچىدە مەن يېگۈدەك بىرەر تالمۇ بېلىق يوق ئىكەن.

مەن زېرىكىپ بۇ يەردىن كېتەي دەپ تۇرۇشۇمىغا، بىر كىچىك دېڭىز دېلفىنى قارماققا ئىلىندى. چىگە ئارغامچىنىڭ بىر تال يىپىنى سۇغۇرۇپ، قارماق ئۈچۈن يىپ تەييارلىغانىدىم، لېكىن مەندە قارماق يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ بىر ئامالىلار بىلەن دائىم بېلىق تۇتۇپ يې-دىم. مەن تۇتقان بېلىقلىرىمنى ئادەتتە قۇرۇتۇپ يەيت-تىم.

5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. بۇزۇلغان پاراخوت ئۈستىدە ئىشلىدىم. پاراخوتنىڭ يەنە بىر تال لىمىنى ھەرىدەپ كەستىم. مەن پالوبىنىڭ ئۈستىدىن بوشاپ قالغان ئۈچ تال شالنى چىقىرىۋالدىم. شالنى بىر يەرگە ئەكىلىپ باغلاپ، دېڭىز تاشقىنىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى قىرغاققا لەيلىتىپ چىقاردىم.

5 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. يەنە بۇزۇلغان پاراخوت ئۈس-تىدە ئىشلىدىم. پاراخوتتىن نەچچە تال تۆمۈر چىۋىق بىلەن ئازراق تۆمۈر سايمان ئېلىپ كەلدىم. خىزمىتىم

ناھايىتى جاپالىق ئىدى. قايتىپ كەلگەندە بەكلا چارچاپ كەتكەنىدىم، شۇڭا بۇ ئىشتىن ۋاز كېچىشنى ئويلىدىم.

5 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى. يەنە بۇزۇلغان پاراخوتنىڭ ئۈستىگە چىقتىم، بىراق ئىش قىلغۇم كەلمىدى. پاراخوتنىڭ لىمىنى كېسىۋەتكەندىن كېيىن، پاراخوت ئېغىرلىقىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆزلۈكىدىن پارچىلىنىپ كەتتى. بىرنەچچە تال شالمۇ چۇشۇپ كەتتى. پاراخوت بۆلۈمچىلىرى يېرىلىپ، ئىچى لىق سۇ، قۇم لاي بىلەن تولغانىدى.

5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى. بۇزۇلغان پاراخوت ئۈستىگە يەنە چىقتىم. بۇ قېتىم مەن يۇك كۆتۈرىدىغان تۆمۈر ئىلمەكنى ئېلىپ كەلگەنىدىم. ئىلمەك بىلەن پالۋىنى قومۇرۇپ ئاچتىم، چۈنكى پالۋىنىڭ ئۈستىدە سۇ بىلەن قۇم قالمىغانىدى. مەن ئىككى تال شالنى قومۇرۇپ، ئالدىنقى قېتىمقىدەك دېڭىز تاشقىنىدىن پايدىلىنىپ قىرغاققا ئېلىپ كەلدىم. مەن ئەتە يەنە ئىشلىتىش ئۈچۈن تۆمۈر ئىلمەكنى پاراخوتقا تاشلاپ قويدۇم.

5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى. پاراخوت ئۈستىگە چىقىپ تۆمۈر ئىلمەك بىلەن پالوبا تاختىيىنى قوزغاپ، پاراخوت ئىچىگە كىردىم. ئۇ يەردە بىرنەچچە سوغا بار ئىكەن. تۆمۈر ئىلمەك بىلەن بىرنەچچە سوغىنىڭ شاللىرىنى بوشاتتىم، لېكىن سوغىنىڭ ئاغزىنى زادىلا ئاچالمىدىم. يەنە بىر كاللەك ئەنگلىيە قوغۇشۇنىنى كۆردۈم. ئۇنى

ئاز ـ تولا مىدىرلاتقان بولساممۇ، لېكىن ئېغىر بولغاچقا زادىلا يۆتكىيەلمىدىم.

5 ـ ئاينىڭ 10 ـ ، 11 ـ ، 12 ـ ، 13 ـ ، 14 ـ كۈنلىرى. ھەر كۈنى پاراخوتتىن خېلى كۆپ ياغاچ ماتېرىياللىرى، شال ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى ـ ئۈچ يۈز قاداق تۆمۈر قاتارلىقلارنى قىرغاققا ئېلىپ كەلدىم.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى. ئىككى پالتىنى پاراخوتقا ئېلىپ بېرىپ، بىر پالتىنىڭ تىغىنى قوغۇشۇننىڭ ئۈستىگە قويۇپ، يەنە بىر پالتىنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇرۇپ بىرەر پارچە بولسىمۇ كېسىپ ئېلىۋالماقچى بولدۇم. ئەمما قوغۇشۇن بىر يېرىم فۇت چوڭقۇرلۇقتىكى سۇ ئاستىدا بولغاچقا، قولۇمدىكى پالتا بىلەن قوغۇشۇن ئۈستىگە قويۇلغان پالتىنى ئۇرۇشقا ئامالسىز قالدىم.

5 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى. بىر كېچە قاتتىق بوران چىقىپ، ھادىسىگە ئۇچرىغان كېمە تېخىمۇ ۋەيران بولۇپ كەتتى. مەن يېيىش ئۈچۈن ئورمان ئىچىدىن كەپتەر ئىزدەپ نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلدىم. كېيىن پاراخوتقا چىقماقچى بولغىنىمدا دولقۇن ئۆرلەپ كېتىپ، پاراخوتقا چىقىشقا ئامالسىز قالدىم.

5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى. بىرنەچچە پارچە پاراخوت قالدۇقىنىڭ لەيلەپ قىرغاققا كېلىپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. ئارىلىقى ئىككى فۇتتەك كېلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭ

زادى نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ ئۇ يەرگە باردىم. ئەسلىدە ئۇ پاراخوتنىڭ بېشىدىكى ياغاچ ئىكەن. ئەمما بەك ئېغىر بولغاچقا، يۆتكىيەلمىدىم.

5 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى. بىرنەچچە كۈندىن بۇيان پاراخوتتا ئىشلىدىم، پۈتۈن كۈچۈمنى چىقىرىپ تۆمۈر ئىلمەك بىلەن بەزى نەرسىلەرنى قومۇرۇپ بوشاتتىم. دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە، بىرنەچچە سوغا بىلەن ئىككى غەۋۋاس ساندۇقى لەيلەپ چىقىپتۇ. شامال قىرغاققا ئۇرۇلۇپ كەلگەچكە، شۇ كۈنى بىرنەچچە پارچە ياغاچ بىلەن برازىلىيىنىڭ بىر تۇڭ چوشقا گۆشى قىرغاققا لەيلەپ كەلگەن ئىكەن. گۆش تۇزلۇق دېڭىز سۈيىدە ئاللىقاچان بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لاي ـ پاتقاقلارغا مىلىنىپ كەتكەچكە، ئىستېمال قىلىشقا بولمايتتى.

مەن مۇشۇنداق قىلىپ ھەر كۈنى يېمەكلىك ئىزدەشتىن باشقا ۋاقىتلاردا پاراخوتتا ئىشلىدىم، تاكى 6 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىگىچە مۇشۇنداق قىلدىم. بۇ مەزگىلدە مەن دائىم دولقۇن كۆتۈرۈلگەندە، سىرتقا چىقىپ يېمەكلىك ئىزدەيمەن. دولقۇن پەسەيگەندە، پاراخوتقا چىقىپ ئىش قىلىمەن. بۇ كۈنلەردە نۇرغۇن ياغاچ ماتېرىياللىرى بىلەن تۆمۈر جابدۇقلارنى تاپتىم. ئەگەر مەن كېمە ياسىيالايدىغان بولسام، مۇشۇ ماتېرىياللار بىلەن بىرەر قېيىق ياسىغىلى بولاتتى. شۇنداق قىلىپ مەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، تەخمىنەن 100 قاداق ئېغىر-

لىقتا بىرنەچچە پارچە قوغۇشۇننى ئېلىپ كەلدىم.

6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى. دېڭىز قىرغىقىغا بېرىپ، دەريا تاشپاقىسىنى كۆردۈم. بۇنداق هايۋاننى مەن ئارالغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈم. قارىغاندا، تەلىيىم ئوڭدىن كەلمەي بۇرۇن بۇ نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە بۇ ئارالدا تاشپاقا ئاز ئەمەسكەن. مەن ئۆزۈمچە مۇشۇ ئارالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرغان نەچچە يۈز تاشپاقىنى تۇتۇۋالالايدىكەنمەن، دەپ ئويلىغاندىم. كېيىن تاشپاقىنىڭ كۆپلۈكى بالا ـ قازا كەلتۈرۈپ، زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىمنى بايقىدىم.

6 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى. ئاشۇ تاشپاقىنى پىشۇرۇپ يېدىم. ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ ئىچىدىن 60 تال تۇخۇمنى ئېلىۋالدىم. شۇ چاغدىلا تاشپاقىنىڭ نەقەدەر مەززىلىكلىكىنى بىلدىم. ئۇ، هاياتىمدا يېگەن ئەڭ ئېسىل تائاملاردىن ئىدى. چۈنكى مەن مۇشۇ قورقۇنچلۇق ئارالغا كەلگەندىن بۇيان، تاغ تېكىسى بىلەن ئۇچار قۇشتىن باشقا هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يەپ باقمىغاندىم.

6 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى. كەچكىچە يامغۇر يېغىپ، ئۆيدىن چىقمىدىم. بۇ قېتىم مەن توڭلىغانلىقىمنى هېس قىلدىم. بەدەنلىرىمنى تىترەك باستى. بۇ يەردە بۇنداق توڭلاش نورمالسىز ئىش ئىدى.

6 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى. مەن قاتتىق ئاغرىپ قالدىم. بەدەنلىرىمنى تىترەك بېسىپ، بەك توڭلاپ كەتكەندەك

ھېس قىلدىم.

6 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە. بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتىمەن.

6 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى. بىرئاز ياخشى بولۇپ قالدىم. بىرنەچچە كۈن بىرنەرسە يېمىگەچكە، تېنىم ناھايىتى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. قورالنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ بىر ئارقار ئېتىپ، ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە سۆرەپ ئېلىپ كەلدىم. گۆشىنى ئازراق قاقلاپ يېدىم. شورپا قىلىپ ئىچكۈم بار ئىدى، ئەمما پىشۇرىدىغان قازان يوق.

6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى. بەزگەك كېسىلىم يەنە بىر قېتىم قوزغالدى. قوزغالغاندىمۇ ناھايىتى قاتتىق قوزغالدى. كارىۋاتتا يېمەي ـ ئىچمەي پۈتۈن بىر كۈن ياتتىم. ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى. تېنىم ئاجىزلاپ كەتكەچكە، سۇ ئىچكۈدەكمۇ ماغدۇرۇم يوق ئىدى.

كېسەل تۇيەيلىدىن روھىم چۈشۈپ كەتتى. قىزىتمام ئۆرلەۋەرگەچكە، تېنىم ئاجىزلاپ كەتتى. شۇ چاغدا مېنىڭ بىخۇدلىشىپ كەتكەن ۋىجدانىم ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى، ھەتتا ئىلگىرىكى تۇرمۇشۇمنى ئەيىبلەشكە باشلىدىم. مەن ئىلگىرى تەڭرىنىڭ جىشىغا تەگكەچكە، گۇناھىم ناھايىتى ئېغىر ئىدى. شۇڭا تەڭرى مېنى جازالاپ، ماڭا باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان زەربە بەردى، ماڭا ئۆچ ئېلىش ئۇسۇلى بىلەن

مۇئامىلە قىلدى.

بۇ چاغدا مەن دادامنىڭ نەسىھىتىنى ئويلىدىم ھەمدە ئۇنىڭ دانالىقىنى ھېس قىلدىم. مەن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «تەڭرى، مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ، مەن ئامالسىز قالدىمغۇ؟!» دەپ تەڭرىگە مۇناجات ئوقۇدۇم. ئەمدى مەن قايتىدىن يەنە ئۆز خاتىرەمگە كېلەي:

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى. بىر كېچە ئۇخلاپ، ئەتىسى خېلى روھلۇق قوپۇپتىمەن، قىزىتماممۇ چۈشۈپتۇ. گەرچە بۇ قاباھەتلىك چۈشتىن كېيىن بىر خىل قورقۇنچ ھېس قىلساممۇ، بەزگەك كېسىلىم ئەتە يەنە قوزغىلىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ ئەنسىرەپ، يېيىش ئۈچۈن، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يېمەكلىكلەرنى تەييارلىدىم. ئالدى بىلەن تۆت چاسا بىر بوتۇلكىغا لىق سۇ قاچىلاپ، كارىۋىتىمنىڭ يېنىدىكى ئۈستەلگە قويدۇم. سۇنىڭ ھارارىتىنى ساقلاش ئۈچۈن تۆتتىن بىر كىلوگرام مۆلچەردە شېكەر قومۇشى ھارىقىنى ئىچىگە قويدۇم. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە بىر پارچە تاغ تېكىسى گۆشىنى ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇپ يېدىم، ئەمما ئانچە كۆپ يېيەلمىدىم. مەن يەنە ئۇيان ـ بۇيان مېڭىپ باقتىم، لېكىن پەقەت ماغدۇرۇم يوق ئىدى. ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى مۇشۇ ھالىتىمنى ئويلاپ، ئەتە يەنە كېسىلىم قوزغىلىپ قالارمىكىن دەپ كۆڭلۈم بەكلا بىئارام بولدى. كەچ كىرگەندە، چوغقا ئۈچ تال تاشپاقا تۇخۇمىنى كۆمۈپ

پىشۇرۇپ يېدىم. بۇ مېنىڭ كەچلىك تاماقىم ئىدى. تاماقتىن ئىلگىرى تەڭرىگە دۇئا قىلدىم. ئېسىمدە قې-لىشىچە، بۇ، ئۆمرۈمدە تاماق يېيىشتىن بۇرۇن تەڭرى-دىن تۇنجى قېتىم بەخت تىلەپ قىلغان دۇئايىمدۇر.

# تۆتىنچى باب

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سىرتقا چىقماقچى بو
دۇم، بىراق بەدىنىمدە جان يوق ئىدى. قورالىمنىم
كۆتۈرەلمەي قالغىلى تاسلا قالدىم. شۇڭا بىرنەچچە قە
ماڭا ـ ماڭمايلا ئولتۇرۇپ، دېڭىز يۈزىگە نەزەر تاشلىد
شۇ تاپتا دېڭىزدا بوران توختاپ، دولقۇن پەسەيگەنىد
مەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ھاياجانغا تولغان ھالدا نۇرغۇ
خىياللارنى سۈردۈم.

زېمىن بىلەن دېڭىزنى داۋاملىق كۆرۈپ تۇرۇۋات
مەن. ئۇ زادى قەيەردىن كەلگەن؟ قانداق پەيدا بولغا
بارلىق جانلىقلار، ياۋايى ھايۋانلار، ئىنسانلار زادى قاند
پەيدا بولغان؟ ئەڭ مۇۋاپىق جاۋاب شۇكى، بۇلارنى
ھەممىسىنى تەڭرى ياراتقان. شۇڭلاشقا، بۇنىڭدىن مۇ
داق پەۋقۇلئاددە خۇلاسىنى چىقارغىلى بولىدۇ: ئەلۋەتتە
تەڭرى بارلىقىمىزنى ياراتقان ئىكەن، مۇقەررەر ھال
ھەممىنى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەمم
نەرسىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا قادىر. ھەمم
ياراتقان كۈچ ئەلۋەتتە ھەممىنى نېرى ـ بېرى قىلالاي
شۇنداق بولغان ئىكەن، تەڭرى ياراتقان دۇنيادا مە

ىمە ئىش يۈز بەرسۇن، تەڭرى بىلمەي قالمايدۇ. ھەتتا
ەممىسنى تەڭرى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. مېنىڭ بۇنىڭغا
ولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ كۈچەيدى. بېشىمغا كەلگەن
الا ـ قازانىڭ ھەممىسىنى تەڭرى ئورۇنلاشتۇرغان؛ مەن
ادى تەڭرى شۇ قەدەر جازالىغۇدەك قانداق يامان ئىش
ىلدىم؟ بۇ چاغدا، ۋىجدانىم مېنى شۇئان بۇنداق سوئال
ۇيۇشتىن چەكلىدى. گويا مەن تەڭرىمگە بىھۆرمەتلىك
ىلىپ قويغاندەك، غەمگە چۆمگەن ھالدا تۇرالغۇمغا قا-
اپ ماڭدىم. تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، كارىۋاتقا چىقىپ
ۇخلىماقچى بولدۇم.

لېكىن ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ ئۇخلىيالمىدىم.
ۇندۇقتا ئولتۇرۇپ چىراغ ياندۇردۇم. مەن كونا كې-
ىلىمنىڭ قوزغىلىپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرىدىم.
، چاغدا، تۇيۇقسىز برازىلىيىلىكلەرنىڭ ھەرقانداق
سەلگە گىرىپتار بولسا، دورا يېمەي كۆك تاماكا چاي-
ىدىغانلىقى ئېسىمگە كەلدى. ساندۇقۇمدا بىر يۆگەم
ك تاماكا بار ئىدى. شۇنىڭ بىلەن قوپۇپ كۆك تاما-
ىنى ئالغىلى ماڭدىم. شۈبھىسىزكى، بۇ ماڭا تەڭرى
ىرسەتكەن يول ئىدى. چۈنكى، ساندۇقتىن كېسەلنى
الايدىغان دورىنىلا ئەمەس، بەلكى يەنە روھىمنى داۋا-
ىدىغان ئېسىل دورا «ئىنجىل» نى تاپتىم.

كۆك تاماكا ئارقىلىق كېسەلنى داۋالاش بىلەن
ىرگە، «ئىنجىل» نى ئوقۇشقا باشلىدىم. كۆزۈمگە

تۇنجى بولۇپ «سەن قىيىنچىلىقتا ئۇچرىغاندا مېنى چاقىرساڭ، مەن سېنى جەزمەن قۇتقۇزىمەن، لېكىن سەن مېنى مەدھىيىلىشىڭ كېرەك» دېگەن جۈملە چىقىلىقتى. بۇ جۈملە مېنىڭ هازىرقى هالىتىمگە تازىمۇ مۇۋاپىق كەلدى، مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ۋاقىت ئۆزارغانسېرى تەسىرى ھەسسىلەپ چوڭقۇرلاشتى، ھەتتا قەلبىمدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. شۇنىڭ بىلەن تاڭ ئۆڭكۆردە چىراغنى يېقىپ قويۇپ ئۇخلىدىم، ئۇخلاشتىن ئىلگىرى، مەن ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان بىر ئىشنى قىلدىم، تىزلىنىپ تەڭرىگە ئىلتىجا قىلدىم. جاپالىق مۇشەققەتكە ئۇچرىغاندا مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشىنى تەلەپ قىلدىم. مەن دۇئانى ئۇزۇپ-ئۇزۇپ قىلدىم. ئۇ بىر جۈملە سۆزگىمۇ ئوخشىمايتتى. دۇئا قىلىپ بولۇپ، شېكەر قومۇشى ھارىقىغا كۆك تاماكىنى چىلاپ ئىچتىم. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەتىسى روھلۇق قوپۇپتىمەن، ئۆزۈممۇ تېتىكلىشىپ قاپتىمەن. ئالدىنقى كۈنلەرگە قارىغاندا، خېلى ماغدۇرۇمغا كېلىپ قالغانلىقىمنى، قورسىقىم ئېچىپ، ئىشتىھايىم ئېچىلىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، ئىككىنچى كۈنى بەزگەك كېسىلىم قوزغالمىدى. سالامەتلىكىم تەدرىجىي ئەسلىگە كەلدى. بۇ كۈنى 6-ئاينىڭ 29-كۈنى ئىدى.

30-چېسلا سالامەتلىكىم ئەلۋەتتە ئىلگىرىكى

كۆنلەردىكىدىن ياخشىلاندى. قورالىمنى ئېلىپ ئوۋغا چىقتىم، لېكىن يىراققا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. دېڭىز قۇشلىرىدەك بىر ـ ئىككى تال ياۋا غازنى ئېتىپ كەلدىم.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى. ئۆزۈمنىڭ ئۇسۇلى بويىچە كېسىلىمنى داۋالىدىم. دورا ھارىقىنى بىر ھەسسە كۆپەيتىپ ئىچتىم.

7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. كېسىلىم پۈتۈنلەي ياخشىلاندى. سالامەتلىكىم بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن ئەسلىگە كەلدى. مەن ھەر دائىم «ئىنجىل» دىكى «مەن چوقۇم سېنى قۇتقۇزىمەن» دېگەن سۆزنى ئويلايتتىم. لېكىن ئۆزۈمنىڭ قۇتۇلۇشىغا زور ئۈمىد باغلىمايتتىم. دەل مۇشۇنداق ئۈمىدسىزلەنگەن چاغدا، تۇيۇقسىز ئۆزۈمگە «مەن بىر كېسەلدىن قۇتۇلۇپ قالدىمغۇ؟ ئەجەبا بۇ بىر مۆجىزە ئەمەسمۇ؟...» دەپ ئەسكەرتتىم. تەڭرى مېنى قۇتقۇزدى، لېكىن مەن تەڭرىنى مەدھىيىلىمىدىم. چۈنكى، مەن يەنىلا مېنى تامامەن تەڭرىم قۇتقۇزدى دەپ قارىمايتتىم. تەڭرىگە ھەمدۇ ـ سانا ئېيتماي تۇرۇپ، تەڭرىدىن قانداقسىگە تېخىمۇ چوڭ مەدەت بېرىشنى ئۈمىد قىلالايمەن؟ بۇلارنى ئويلاپ بەكلا ھاياجانلاندىم. مەن دەرھال يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا تەڭرىگە: «رەھمەت تەڭرىم، سىز مېنىڭ كېسىلىمنى ساقايتتىڭىز!» دېدىم.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى. ئەتىگەندە «ئىنجىل» نى ئېلىپ، ئەھدىنامىلەردىن باشلاپ ئوقۇدۇم. بۇ قېتىم مەن ھەقىقەتەن ئەستايىدىل ئوقۇدۇم ھەمدە ھەر كۈنى ئەتىگەندە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقىشنى قارار قىلدىم. پەقەت مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلاپلا تەڭرىدىن دۇئا ـ تىلاۋىتىمنى قوبۇل قىلىشنى ئۈمىد قىلدىم.

ھازىر گېپنى ئاز قىلىپ، خاتىرەمگە قايتىپ كېلەيلى.

ھازىرقى ئەھۋالىمنى ئېيتسام، گەرچە تۇرمۇشۇم ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، روھىم تېتىكلىشىپ قالدى. «ئىنجىل» نى ئوقۇپ دۇئا قىلغاچقا، كۆڭلۈم يورۇپ، تېخىمۇ خاتىرجەم بولدۇم. بۇ خىل خاتىرجەملىكنى مەن ئىلگىرى ھېس قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە سالامەتلىكىم، كۈچ ـ ماغدۇرۇم ئەسلىگە كەلدى. قايتىدىن روھلىنىپ ئىشلىرىمنى ئورۇنلاشتۇردۇم، نورمال تۇرمۇشۇمنى ئەسلىگە كەلتۈردۈم.

7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە. ئاساسىي پائالىيىتىم ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ ئەتراپنى چۆرگىلەش بولدى.

بۇ قېتىمقى كېسەل ماڭا بىر ئاچچىق ساۋاق بولدى. يامغۇر پەسلىدە سىرتقا چىقسا سالامەتلىككە زىيان يېتىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ قاتتىق بورانىنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيىنى تېخىمۇ چوڭ بولىدىغانلىقىنى ھېس

قىلدىم.

مەن بۇ قاقاس ئارالدا ئون نەچچە ئاي تۇردۇم. قۇتۇلۇش مۇمكىنچىلىكى يوق ئىدى. مەندىن بۇرۇن بۇ ئارالغا بىرەر ئادەمزات كېلىپ باقمىغانلىقىغا ئىشەندىم. مانا هازىر ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسى بويىچە ياتىدىغان جاينى ئورۇنلاشتۇردۇم. شۇڭا بۇ ئارالنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ چۈشەنسەم، بۇ ئارالدا يەنە مەن بايقىمىغان قانداق بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى بىلسەم دەيمەن.

7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى. بۇ ئارالنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈشكە باشلىدىم. شۇڭا، ئېرىق بويلاپ يىراقلارغىچە باردىم.

ئىككىنچى كۈنى يەنى 7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى. ئەسلىدىكى يول بىلەن تېخىمۇ يىراققا باردىم. ئېرىق بىلەن ئوتلاقنىڭ بېشىغا كەلدىم. بۇ يەردە دەل ـ دەرەخلەر بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن ئىكەن، دەرەخلەردە نۇرغۇنلىغان مېۋە، يەردە هەر خىل قوغۇن ـ تاۋۇزلار، هەتتا ئۈزۈممۇ بار ئىكەن. دەرەخكە يامىشىپ ئۆسكەن تەكلەردە ساپاق ـ ساپاق قىزىل ئۈزۈملەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ كۈتۈلمىگەن بايقاش مېنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى. ئۇلارنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرۇق ئۈزۈم قىلىپ ساقلاپ قويدۇم. چۈنكى، قۇرۇتۇلغان ئۈزۈمنىڭ چوقۇم يېيىشلىك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇنى ئىسپاتلىدى.

شۇ كۈنى كەچتە شۇ جايدا قونۇپ قالدىم، ئۆيگە قايتمىدىم. گېپىمنى ئاڭلىسىڭىز، بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم دالىدا قونۇشۇم ئىدى. كەچ كىرگەندە مەن يەنە كونا ئۇسۇلۇم بويىچە دەرەخكە يامىشىپ چىقىپ، دەرەخ ئۈستىدە ئۇخلىدىم. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، مەن يەنە داۋاملىق تەكشۈرۈشنى باشلىدىم. تاغ جىلغىسىدا پەمىمچە شىمال تەرەپكە قاراپ تۆت ئىنگلىز مىلىدەك ماڭدىم. جەنۇب بىلەن شىمال تەرەپتە بولسا، كۆز يەتكۈسىز تاغ تىزمىلىرى بار ئىدى.

مەن ئاخىر پايانسىز كەتكەن بىر جايغا كەلدىم. ئەتراپىنىڭ مەنزىرىسى گويا سۈنئىي باغچىغا ئوخشايتتى. مەن بۇ گۈزەل تاغ باغرىدا تۆۋەنگە قاراپ يەنە بىرئاز ماڭدىم. يەنە نۇرغۇنلىغان كوكۇس دەرىخى، ئاپېلسىن دەرىخىنى بايقىدىم. بىراق ھەممىسى ياۋا دەرەخ بولۇپ، مېۋىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ھازىرچە بايقىغانلىرىم شۇنچىلىك. مەن ئۈزۈۋالغان ياۋا مېۋىلەرنىڭ بىر قىسمىنى يولنىڭ بىر چېتىگە تاشلاپ قويدۇم (چۈنكى، بەك ئېغىر ئىدى)، بىر قىسمىنى ئۆيگە ئېلىپ كەلدىم.

7 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى. ئاۋۋال ئىككى خالتا تەييارلاپ يولدا تاشلاپ قويغان ياۋا مېۋىلەرنى ئېلىۋېلىشقا باردىم، لېكىن بۇ مېۋىلەرنى باشقىلارنىڭ دەسسەپ يەنجىۋەتكەنلىكىنى كۆردۈم، بەزىلىرىنى يەۋېتىپتۇ، بۇ ئىش مېنى ھەيران قالدۇردى. قارىغاندا، يېقىن ئەتراپتا

ياۋايى ھايۋانلار باردەك قىلىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇلارنىڭ قانداق ھايۋانلىقىنى بىلمەيتتىم.

بۇ قېتىم سىرتقا چىقىپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، جىلغىدىكى مەنزىرىنىڭ گۈزەللىكى ۋە بايلىقلارنىڭ مولللىقىنى ئويلاپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. ئۇ تەرەپ ئېقىن سۇغا يېقىن، دەل ـ دەرەخلەر قېلىن بولغاچقا، بوران ـ چاپقۇننىڭ ھۇجۇمىدىن قورقۇشمۇ ھاجەتسىز ئىدى.

شۇ چاغدىلا تاللىۋالغان تۇرالغۇمنىڭ ئارال بويىچە ئەڭ ناچار ئورۇن ئىكەنلىكىنى بايقىدىم.

مەن ئۇ يەرگە دائىم بېرىپ تۇرغاچقا، بىر ئېغىز كەپە ياسىدىم ھەمدە پۇختا بىر قوروق تام بىلەن كەپىنى ئورىۋەتتىم. قوروق تام ئىككى قەۋەت چىتلاق بىلەن ياسالغان. ئېگىزلىكى بويۇم بىلەن تەڭ، تۈۋرۈكلەر ناھايىتى پۇختا قويۇلغان. تۈۋرۈك ئارىلىقىغا يەنە نۇرغۇن شاخ ـ شۇمبىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتىم. شۇنداق قىلىپ مېنىڭ سەھرادا بىر يورۇش ئۆيۈم، دېڭىز ساھىلىدا بىر يورۇش ئۆيۈم بار بولدى. بۇ سەھرادىكى ئۆينى 8 ـ ئاي-نىڭ باشلىرىدا ياساپ بولدۇم. مەن يېڭى تۇرالغۇنىڭ قوروق تاملىرىنى ياساپ بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئەمگەك مې-ۋىسىدىن بەھرىمەن بولاي دەپ تۇرۇشۇمغا يامغۇر يېغىپ كەتتى، مەن يەنە كونا ئۆيۈمدە قامىلىپ قالدىم.

8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە. يامغۇر

توختىماي ياغدى. ئۆيدىن چىقىشقا ئامالسىز قالدىم. مەن ھازىر يامغۇردا قېلىشتىن قورقىمەن. مۇشۇنداق يامغۇرلۇق كۈنلەردە ئۆڭكۈرنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئىككى ـ ئۈچ سائەتلەپ ئىشلىدىم. ئۆڭكۈرنى قورۇق تامغىچە كېڭەيتىپ، ئىشىك ئاچتىم. ھازىر مەن مۇشۇ ئىشىك بىلەن كىرىپ چىقىمەن.

9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى. ئارالغا كەلگىنىمگە دەل بىر يىل بولغان كۈن ئىدى. بۇ بىر بەختسىز كۈن ئىدى. مەن تۈۋرۈككە ئويۇلغان سىزىقنى ھېسابلاپ كۆرسەم 365 كۈن بوپتۇ. مەن بۇ كۈننى پەرھىز كۈنى قىلىپ بېكىتتىم ھەمدە دىنىي ئېتىقاد مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم. ئىنتايىن ئىخلاسمەنلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن تىزلىنىپ، تەڭرى ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ گۇناھلىرىمنى تونۇدۇم. مېنى كەچۈرۈشىنى، مېنىڭ بېشىمنى سىلىشىنى تىلىدىم. ئەتىگەندىن كەچكىچە 12 سائەت ھېچنېمە يېمىدىم، پەقەت كۈن پاتقاندىلا بىرنەچچە تال پىرەنىك بىلەن قۇرۇق ئۈزۈم يەپ ئاندىن ئۇخلىدىم.

خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى مەن سەببات كۈنى (يەھۇدى دىنىدىكى دەم ئېلىش كۈنى) بويىچە دەم ئالماي كەلدىم. دەسلەپتە مەندە دىنىي ئېتىقاد دېگەن نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھەپتىنى پەرقلەندۈرىدىغان ھېچقانداق بەلگە قالدۇرماپتىمەن. شۇڭا، قايسى كۈن قايسى ھەپتىنىڭ نەچچىنچى كۈنى ئىكەنلىكىنى

بىلەلمىدىم. هازىر دەل بىر يىل بوپتۇ، شۇنىڭ بىلەن، بۇ بىر يىلنى ھەپتىگە ئايرىپ سىزىپ قويۇپ، ھەر يەتتە كۈننىڭ بىر كۈننى سەببات كۈنى قىلىپ بې-كىتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي سىياھلىرىم تۈگەشكە باشلىدى. شۇڭا، تېجەش ئۈچۈن پەقەت تۇرمۇشتىكى چوڭ ئىش-لارنىلا خاتىرىلىدىم، ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى يې-زىپ ئولتۇرمىدىم.

شۇ چاغلاردىن باشلاپ مەن يامغۇر پەسلى بىلەن قۇرغاقچىلىق پەسلىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋالدىم. شۇنىڭ بىلەن، ھەر پەسىلگە قارىتا تېگىشلىك تەييار-لىق قىلدىم.

2 ـ ئايدىكى باھار پەسلىنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدە، ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىدىن بىر پارچە يەر ئېچىپ، قالدۇرۇپ قويغان ئۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى تېرىۋەتتىم. كەينىدىنلا ئىككى ئاي يامغۇر ياغدى. ئۇرۇقلار يامغۇر سۈيىنى تو-لۇق قوبۇل قىلىپ ياخشى ئۆسكەنلىكتىن، مول ھوسۇل ئالدىم. لېكىن ئۇرۇق ئاز بولغاچقا، شال بىلەن ئارپى-نىڭ ھەرقايسىسىدىن يېرىم كۈرەدىنلا ھوسۇل يىغى-ۋالدىم.

بۇ قېتىمقى تەجرىبە مېنى تېرىقچىلىق ماھىرىغا ئايلاندۇردى. قايسى چاغدا يەر تېرىش كېرەكلىكىنى بى-لىۋالدىم. هازىر مەن ھەر يىلى ئىككى قېتىم يەر تې-رىپ، ھوسۇل ئالىدىغان بولدۇم.

زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش جەريانىدا، يەنە كىچىككىنە بىر ئىشنى بايقىدىم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىم ئۈچۈن ئاز بولمىغان پايدا ئېلىپ كەلدى. تەخمىنەن 11 ـ ئايدا، يامغۇر پەسلى ئەمدىلا ئۆتۈپ ھاۋا ياخشىلىنىشقا باشلىغاندا، سەھرادىكى كەپەمگە باردىم. بۇ يەردىن نەچچە ئايلاپ ئايرىلىپ تۇرغان بولساممۇ، ھەممە نەرسىلەر يەنىلا بۇرۇنقىدەك، ياسىغان قوش قەۋەتلىك قورۇق تېمىم ياخشى تۇرۇپتۇ. يان تەرەپكە تۈۋرۈك قىلىپ قويۇلغان دەرەخلەردىن تېخى بىخ سۈرۈپ چىقىپتۇ. مەن بۇ دەرەخلەرنىڭ قانداق دەرەخ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم. لېكىن مەن بۇنىڭدىن خۇش بولدۇم. مەن ئۇلارنى بىر قۇر كېسىپ تەكشىلىۋەتتىم. ئۈچ يىلدىن كېيىن، بۇ دەرەخلەر شۇنچىلىك باراقسان بولۇپ كەتتىكى، ئۇنىڭغا قاراپ كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى.

بۇ ماڭا زور ئىلھام بولدى. مەن ئىلگىرى تۇرغان قورۇق تامنىڭ سىرتىغا يەنە بىر قاتار دەرەخ تىكىشنى قارار قىلدىم. مەن چىتلاقنىڭ سەككىز يارد ئارىلىقىدا ئىككى رەت دەرەخ تىكتىم ياكى قوزۇق قاقتىم دېسەممۇ بولىدۇ، دەرەخلەر ناھايىتى تېزلا كۆكلەپ كەتتى. بۇك ـ باراقسان ئۆسكەن دەرەخ تۇرالغۇمنى پۈتۈنلەي ئوراپ، بارا ـ بارا ھەقىقىي مۇداپىئە چىتلىقىنى شەكىللەندۈردى. بۇ توغرۇلۇق كېيىن يەنە توختىلىمەن.

بۇ يەردە پەقەت قۇرغاقچىلىق پەسلى بىلەن يامغۇر

پەسلىلا بار ئىكەن.

مەن يامغۇر پەسلىدە ئۆيدىكى ئىشلارنى قىلدىم، يەنە سەھرادىكى تۇرالغۇمغا بېرىپ، ئەتراپتىكى دەرەخلەردىن نۇرغۇن چېۋىقلارنى يۇتاپ، ئۇلارنى چىتلاقنىڭ ئۇستىدە قۇرۇتۇپ، ئاندىن دېڭىز ساھىلىدىكى تۇرالغۇمغا ئېلىپ كەلدىم.

يامغۇر پەسلى يېتىپ كېلىش بىلەن، تۇپا ياكى باشقا نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن، ئۇ چىۋىقلاردىن نۇرغۇن سېۋەت توقۇدۇم. كېيىنچە، مەن تېرىغان ئاش-لىقتىن كۆپرەك ھوسۇل ئالسام خالتا ئىشلەتمەي، تې-رىقلارنى ئۆزۈم توقۇغان سېۋەتلەرگە قاچىلىماقچى بولدۇم.

پۈتۈن بىر ياز قوزۇق قېقىش، جىرىم سېلىش، سېۋەت توقۇش بىلەن ئالدىراش بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەن يەنە بىر خىزمەتنى ئىشلىدىم، يەنى مۇشۇ ئارالنىڭ جۇغراپىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆزەتتىم ۋە ئانالىز قىلدىم. بۇ خىزمەت مۆلچەرلىگىنىمدىنمۇ كۆپ ۋاقتىمنى ئېلىپ كەتتى.

قايتا ـ قايتا ئويلىنىش ئارقىلىق مەن مۇنداق خۇ-لاسىگە كەلدىم: ئەگەر بۇ قۇرۇقلۇق ھەقىقەتەن ئىسپا-نىيە تەۋەلىكىدىكى دېڭىز قىرغىقى بولسا، پاراخوتلار بەرىبىر مۇشۇ يەردىن ئۆتىدۇ. ئەگەر پاراخوتلار بۇ دېڭىز قىرغىقىدىن ئۆتمىسە، بۇ يەر بەرھەقكى، ئىسپانىيە

بىلەن برازىلىيە ئارىلىقىدىكى ئېگىسىز قاقاس دېڭىز ساھىلى. بۇ يەردە ئەڭ ياۋايى يەرلىك ئادەملەر ئولتۇ-راقلاشقان. بۇ يەرلىكلەر ئادەمخور ياۋايىلار، ئۇلارنىڭ قولىغا ھەرقانداق ئادەم چۈشۈپ قالسا، تىرىك قالمايدۇ.

مەن بۇ ئارالنى سەيلە قىلىشقا باشلىدىم. غەربىي دېڭىز قىرغىقىنى نىشان قىلىپ ماڭدىم. ئۇ يەردە ئە-زەلدىن كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن قۇش ۋە ئۆسۈملۈك-لەرنى بايقىدىم.

تۇرالغۇمغا قايتقاندىن كېيىن، ئاسما كارىۋىتىمدا يېتىپ، كۆڭلۈمدە ناھايىتى كۆپ رازىمەنلىك، ئېيتقۇ-سىز خۇشاللىققا چۆمدۈم. بۇ قېتىمقى سىرتقا چىقىش ساياھەت تۇيغۇسىنى ئالغانىدى. چۈنكى، ئىلگىرىكى ئۆيدە ئولتۇرغان ۋاقتىمدا ھامان خاتىرجەمسىزلىك ھېس قىلاتتىم. بۇ قېتىم سىرتنى ئايلىنىپ كېلىپ، سىرتتىكى تۇرمۇشنى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى بۇ ئۆيۈمنىڭ ئىنتايىن مۇكەممەل ھەم خاتىرجەم، راھەت ماكان ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇڭا مەن، ناۋادا تەقدىر مۇشۇ ئارالدا كېيىنكى ھاياتىمنى داۋاملاشتۇ-رۇشقا نېسىپ قىلسا، بۇ ئۆيۈمدىن ئايرىلمايمەن دەپ قارار قىلدىم.

كۈز پەسلىدە يەنە يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى مېنىڭ مۇشۇ ئارالغا كەلگەن خاتىرە كۈنۈم. بۇ كۈننى خۇددى بۇلتۇرقىدەك تەقۋادارلىق

بىلەن ئۆتكۈزدۈم. مەن بۇ ئارالغا كەلگىلى ئىككى يىل بولدى. لېكىن، ھازىرغىچە قۇتۇلۇشتىن قىلچە ئۈمىدىم يوق ئىدى.

مەن پۈتۈن بىر كۈن سەممىيلىك ۋە كەمتەرلىك بىلەن، مىننەتدارلىق كەيپىياتى ئىچىدە تەڭرىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان مېھىر ـ شەپقەتلىرىنى ئەسلىدىم. ناۋادا تەڭرى ماڭا مۇشۇنداق مېھىر ـ شەپقەت ئاتا قىلمىغان بولسا، زېرىكىشلىك تۇرمۇشۇم تېخىمۇ مۇشكۈللۈكتە ئۆتكەن بولاتتى. گەرچە مەن ھازىر غېرىبانە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان بولسامۇ، يەنىلا ياۋاشلىق ۋە سادىقلىق بىلەن تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىمەن. چۈنكى، تەڭرى ماڭا ھازىرقى تۇرمۇشۇمنىڭ ئەركىن دۇنيادىكى كىشىلەر-دىنمۇ بەختلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى. تەڭرى ھەر ۋاقىت يېنىمدا تۇرۇپ روھىمنى ئۇرغۇتۇپ تۇرىدۇ، ماڭا مەدەت بېرىدۇ، تەسەللى بېرىدۇ، مېنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ئۆزۈمگە بولغان ئىشەنچىمنى ئاشۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن مەڭگۈ بىللە بولۇشى ئۈ-چۈن دۇئا قىلىپ تۇرۇشۇم كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. شۇ ئارقىلىق زېرىكىشلىك تۇرمۇشۇمدىكى خىلمۇخىل كەمتۈكلۈكلەرنى تولدۇرىدۇ.

مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە، مەن بۇ ئارالدىكى ئۈ-چىنچى يىللىق تۇرمۇشۇمنى باشلىۋەتتىم. تۇرمۇشۇم ناھايىتى رىتىملىق، مەسىلەن، 1. ۋاقىت بەلگىلەپ، بىر

كۈندە ئۈچ قېتىم تەڭرىگە دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىش ۋە ئىنجىلنى ئوقۇش؛ 2. ئوۋ ملتىقىمنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ يېمەكلىك ئىزدەش، ناۋادا يامغۇر ياغمىسا، بۇ ئىش ئۈچۈن ئادەتتە ئۈچ سائەت سەرپ قىلىمەن؛ 3. ئوۋلاپ كەلگەن ئولجىلارنى بىر تەرەپ قىلىش ياكى زاپاس يېمەكلىك قىلىپ ساقلاپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى پىشۇرۇش، قۇرۇتۇش، تۇزلاش قاتارلىقلار. ھەر كۈنى ۋاقتىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇشۇ ئىشقا سەرپ قىلىنىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، مەن ھەر كۈنى سەۋرچانلىق بىلەن ئەمگەك قىلىپ، نۇرغۇن ئىشلارنى تاماملايتتىم. تۆۋەندە مەن تۇرمۇش ۋە مۇھىتنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى بايان قىلىپ بېرەي:

ھازىر دەل 11 ـ ئاي بىلەن 12 ـ ئاينىڭ ئارىلىقى، ئارپا بىلەن شالدىن مول ھوسۇل ئالىدىغان چاغ، مەن تۆيۈقسىز زىرائەتلەرنىڭ نەچچە خىل كۈشەندىلەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەسلىكىنى بايقىدىم. بۇلار تاغ تېكىسى بىلەن ياۋا توشقانغا ئوخشاش ھايۋانلار ئىدى. ئۇلار زىرائەتلەرنىڭ تەمىنى تېتىپ قالدى بولغاي، مايسىلار ئۆسۈشى بىلەنلا كېچە ـ كۈندۈز ئېتىزلىققا كىرىۋېلىپ ئۇنۇپ چىققان مايسىلارنى يەپ، ئۇلارنىڭ ئۆسۈشىگە دەخلى يەتكۈزەتتى. مەن زىرائەتلەرنى چىتلاق ئىچىگە ئېلىپ قوغداشتىن

باشقا چارە تاپالمىدىم. نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ، ئاخىر چىتلاقنى ياساپ پۈتتۈردۈم. مايىسلار ئۈنۈپ چىققاندا، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. مانا ئەمدى باشاق چىقىرىشقا باشلىغاندا، قۇشلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىدى. بىر كۈنى مەن ئېتىزلىققا بېرىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈش ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتاتتىم. كۈتۈلمىگەندە، سان ـ ساناقسىز ئۇچار قۇشنىڭ بۇ كىچىككىنە ئېتىزىمنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆردۈم ۋە شۇئان ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئاتتىم. ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ زىرائەتلەر ئارىسىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان قۇشنىڭ كەينى ـ كەينىدىن ئۇچۇپ چىققانلىقىنى كۆردۈم. بايا مەن ئېتىزدا مۇنداق كۆپ ئۇچار قۇشنىڭ يوشۇرۇنۇۋالغانلىقىنى بايقىمىغانىدىم.

بۇ ئىش كۆڭلۈمنى خېلىلا يېرىم قىلدى. قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ قۇشلار بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا بارلىق ئاشلىقىمنى يەپ تۈگىتىپ، پۈتۈن ئۈمىدىمنى يوققا چىقىراتتى. مەن بىراقلا ئۈچ قۇشنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈم. ئەنگلىيىدىكى سېسىق نامى پۇر كەتكەن ئوغرىنى جازالىغان ئۇسۇل بويىچە، باشقا قۇشلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئېسىپ قويدۇم. ئويلىمىغان ئىكەنمەن، بۇ چارە ھەقىقەتەن ئۈنۈم بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇچار قۇشلار ئېتىزلىققا كەلمەيدىغان، ھەتتا ئارالنىڭ بۇ تەرىپىگە كېلىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان

بولدى.

دېمەيلا قوياي، بۇ ئىش مېنى تولىمۇ خۇش قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، بۇ بىر يىلدا ئىككىنچى قېتىم هوسۇل ئېلىش پەسلى يېتىپ كەلدى. زىرائەتلەرنى يىغىۋالدىم. بۇ قېتىم يىغىۋالغان ئاشلىقنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن ساقلاپ قويۇپ، يەنە بىر قېتىم تېرىشنى قارار قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتۈن ۋاقتىمنى سەرپ قىلىپ ياغۇنچاق بىلەن بولكا پىشۇرۇش ئۇچىقى ياساشنى قارار قىلدىم.

كىشىلەر دائىم: «بىر پارچە بولكا ئۈچۈن ئىشلەيمىز» دېيىشىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى «هاياتلىق ئۈچۈن ئىشلەش» دېمەكتۇر.

هازىر مەن ھەقىقەتەن «بولكا» ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەن. بىراق ياغۇنچاق، ھەتتا ئەلگەكمۇ يوق. بولكا ئېچىتقۇسى بىلەن تۇزمۇ يوق، بولكا پىشۇرىدىغان ئوچىقىمۇ يوق، شۇڭا «بولكا» توغرىسىدا گەپ ئاچقىلى بولمايتتى.

گەرچە مەندە ئوچاق بولمىسىمۇ، لېكىن يەنىلا بولكا پىشۇرالايتتىم.

مەن ئىلگىرىلا ساپال قاچا ياساشنى ئويلىغان. بۇنداق نەرسە ماڭا ناهايىتى زۆرۈر ئىدى. لېكىن قانداق ياساشنى بىلمەيتتىم. بۇ يەرنىڭ كىلىماتى ناهايىتى ئىسسىق، بۇ يەردە ساپال توپىسى تېپىلسىلا، ساپال قاچا

ياكى كوزا ياساشقا كۆزۈم يېتەتتى. ئۇنى ياساپ قۇياش نۇرىدا قۇرۇتسا، چوقۇم پىششىق ھەم چىداملىق قۇرۇپ چىقاتتى. ئۇنىڭغا ساقلاشقا تېگىشلىك بەزى قۇرۇق نەرسىلەرنى قاچىلىغىلى بولاتتى. ئاشلىق پىششىقلىماقچى ياكى ئۇن تارتماقچى بولسام، ئالدى بىلەن ئۇنى ساقلايدىغان نەرسە بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بىرەر جايغا ئورنىتىپ، كۆپرەك نەرسە قاچىلاش ئۈچۈن ھەجمىنى چوڭراق قىلىپ بىر ئىدىش ياسىماقچى بولدۇم. نۇرغۇن كۈچ سەرپ قىلىپ ساپال توپىسى تاپتىم ۋە ئۇنى قېزىپ، ياخشى تەڭشەپ، ئۆيگە ئېلىپ كېلىپ ئىدىش ياسىدىم. نەتىجىدە، ئىككى ئايدەك ئىشلەپ ئاندىن ئىككى چوڭ ئىدىش ياسىدىم. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى تولىمۇ سەت بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئىدىش دېگىلىمۇ بولمايتتى.

ئاخىر بۇ ئىككى ئىدىش ئاپتاپتا ناھايىتى پىششىق ھەم مۇستەھكەم قۇرۇدى. يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ ئىدىشلارنى پەم بىلەن يۆتكەپ، ئالدىن توقۇپ تەييارلاپ قويغان سېۋەتنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدۇم. ئىدىش بىلەن سېۋەت ئارىلىقىدىكى بوشلۇقنى يەنە سامان ۋە مەڭگەن بىلەن تولدۇردۇم. ھازىر بۇ ئىككى ئىدىش نەم تارتمايدىغان بولدى. ئۇنىڭغا ئاشلىق ۋە ئۇن قاچىلاشنى پىلانلىدىم.

مەن چوڭ ئىدىشنى ياخشى ياسىيالمىغان بولساممۇ،

لېكىن كىچىكلىرىنى ھەرھالدا خېلى قاملاشتۇرۇپ يا-سىدىم. مەسىلەن، كوزا، تەخسە، قازان قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ئومۇمەن ئېيتقاندا، مەن ياسىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خېلى ياخشى بولدى. كېيىن يەنە ئوت كۆ-چىنى كونترول قىلىش ئارقىلىق بىرنەچچە قازان يا-ساشنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم.

كېيىن ئۆز ئۇسۇلۇم بويىچە بولكا ياسىدىم. بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق. بۇ ئىشلار ئارىلىكى ئۇچىن-چى يىلىمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ كەتتى. بىر تەرەپتىن بولكا ياساش ئۇچۇن نۇرغۇنلىغان ئىش قىل-سام، يەنە بىر تەرەپتىن دېھقانچىلىق قىلىپ، زىرائەت-لىرىمنى يىغدىم. ۋاقتىدا ھوسۇل ئېلىپ، ئاشلىقلارنى ۋاقتىدا ئۆيگە توشۇۋالدىم.

شۈبھىسىزكى، مەن يۇقىرىدا بايان قىلغان ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرگە، ئارالنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى قۇرۇقلۇققا بېرىشنى ئويلايتتىم. كۆڭلۈمدە ئاشۇ قىر-غاققا چىقىپ، ئادەمزات بار يەرنى تېپىشنى ياكى ھايات كەچۈرۈش ئۇچۇن باشقا يەرگە بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

مەن بىر ئارچا دەرىخىنى چېپىپ يىقىتىپ، ئويما قېيىق ياسىماقچى بولدۇم. ياغاچنى بىر ئايدىن كۆپرەك چېپىپ سىلىقلىدىم. ئاخىر قېيىقنىڭ ئاستى قىسمى-نى چېپىپ بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ياغاچنىڭ سىرتقى قىسمى تەكشىلىنىپ، قولۋاق شەكلى بارلىققا كەلدى.

يەنە ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ، ياغاچنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئويدۇم. ئويغاندا ئوت بىلەن كۆيدۈرمەستىن، ئىسكىنە بىلەن ئويۇپ قېيىققا ئوخشاش بىر نەرسىنى ياساپ چىقتىم. ئۇنىڭغا 26 ئادەم سىغىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۆزۈملا ئەمەس، بەلكى بارلىق نەرسىلىرىمنىمۇ بۇ قېيىققا قاچىلاپ ماڭالايدىغان بولدۇم. بۇ ئىش تاماملانغاندىن كېيىن، مەن ئىنتايىن خۇش بولدۇم. بۇ قېيىق مەن ئىلگىرى كۆرگەن ھەرقانداق قېيىقتىن چوڭ ئىدى، لېكىن ئۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ سۇغا ئىتتىرىپ چۈشۈرەلمىدىم.

# بەشىنچى باب

ئىشىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا، بۇ ئارالدىكى تۆتىنچى يىللىق تۇرمۇشۇم ئاخىرلاشتى.

هازىر مېنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىم ئىنتايىن تولۇق. بۇ ئىش ماڭا دۇنيادا ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىكى نەرسىنىڭ قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. هەرقانداق نەرسە توپلىنىپ كۆپەيسە، باشقىلارغىمۇ بېرىش كېرەك. بىزنىڭ مال ـ مۈلكىمىز هەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، بىز پەقەت ئىشلىتىشكە تېگىشلىك قىسمىنىلا ئىشلىتىمىز، هەددىدىن زىيادە مال ـ مۈلۈكنىڭ پايدىسى يوق. هازىر مەن ناهايىتى بېيىپ كەتتىم. مال ـ دۇنيالىرىمنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇقمايمەن. مال ـ دۇنياغا تويماس هەرقانداق بىر بېخىلمۇ مېنىڭ هازىرقى ئورنۇمدا تۇرسا، بۇ خىل بېخىللىق كېسىلىنى ساقايتقان بولاتتى. هازىرقى تۇرمۇشۇم دەسلەپتە ئارالغا بارغان چاغدىكىگە سېلىشتۇرغاندا زور دەرىجىدە ياخشىلاندى. تۇرمۇشۇم راهەتتە ئۆتۈۋاتىدۇ، كۆڭلۈممۇ خاتىرجەم، هەر قېتىم ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە، مۇشۇنداق چۆل ـ جەزىرىدە هەر خىل تائاملارنىڭ ئۈستەلگە تىزىلغانلىقىنى كۆرگەندە، تەڭرىنىڭ

ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ھەيرانلىقتا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز مىننەتدارلىق تۇيغۇسىغا چۆمەتتىم. مەن تۇرمۇشتىكى قاراڭغۇلۇقنى ئەمەس، يورۇقلۇقنى كۆرۈشنى، ئېرىشەلمىگەن نەرسىدىن زارلىنىشنى ئەمەس، راھەت تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولۇشنى ئۆگىنىۋالدىم.

بۇ خىل پوزىتسىيە ماڭا زور دەرىجىدە تەسەللى بەردى. بۇ يەردە بۇنداق سۆزلەرنى يېزىشىمدىكى مەقسەت — ئاشۇنداق قانائەت قىلىشنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئويغىنىشىنى ئۈمىد قىلىش ئىدى. ئۇلار دائىم ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىلەرگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، تەڭرىنىڭ شاپائەتلىرىدىن راھەتلەنگەن ھالدا بەھرىمەن بولالمايدۇ. بۇ يەردە شۇنى ھېس قىلدىمكى، بىز دائىم ئېرىشكەن نەرسىلىرىمىزگە شۈكۈر قىلمىغاچقا، مال-دۇنيالىرىمىزنىڭ كەملىكىدىن نارازى بولىمىز.

مەن ئۆز خاتالىقىم ئۈستىدە ئويلانغاندىن كېيىن، تەڭرىگە بولغان ئىشەنچىم تېخىمۇ كۈچەيدى. تەڭرىنىڭ مۇشۇ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ياقتۇرۇشلۇق بىلەن قوبۇل قىلىپلا قالماستىن، تېخى ھازىرقى ھالىمغا چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مەن ھازىرغىچە جازاغا ئۇچرىماي، ئوبدان ياشاپ كېلىۋاتىمەن. شۇڭا، ھېچقانداق ئىشتىن ئاغرىنماسلىقىم كېرەك.

مەن ئارالغا كەلگىلى خېلى ئۇزۇن بولدى. پاراخوت-تىن ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ بەزىلىرى تۈگىدى، بەزىلىرى بۇزۇلۇپ كەتتى. سىياھلىرىم خېلى بۇرۇنلا تۈگەي دەپ قالغانىدى. ئاخىر ئۇنىڭغا ئازراق سۇ قوشۇپ ئىشلەتتىم. قەغەزگە يېزىلغان خەتلەرنىمۇ ئېنىق كۆر-گىلى بولمايتتى. لېكىن ئاز بولسىمۇ، سىياھ بولسىلا، ھەر ئايدا يۈز بەرگەن ئالاھىدە ئىشلارنى خاتىرىلەپ قو-يۇشقا بەل باغلىدىم. خاتىرەمنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، يۈز بەرگەن ھەر خىل ئىشلارنىڭ مەلۇم ۋاقىتقا توغرا كې-لىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. مەن ۋاقىت، كۈنلەر-نىڭ ياخشى ـ يامىنى بارلىقىغا ئىشەندىم. شۇ تاپتا مەن ئۆزۈمدە مۇشۇنداق ئىدىيىنىڭ پەيدا بولغانلىقىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن.

9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى ئۆيدىن ئايرىلىپ خۇلغا بې-رىپ دېڭىز ساياھىتى قىلغان كۈنۈم ئىدى؛ سارىدىكى دېڭىز قاراقچىلىرىغا ئۇچراپ قۇل بولغان كۈنۈممۇ دەل مۇشۇ كۈن ئىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يامۇستىكى لەڭگەر تاشلايدى-غان يەردە چۆكۈپ كەتكەن پاراخوتتىن قېچىپ كەتكەن كۈنۈممۇ، سارىدىن قېچىپ كەتكەن ۋاقتىممۇ شۇ ئاي، شۇ كۈن بىلەن ئوخشاش ئىدى. مەن 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تۇغۇلغان. 26 يىلدىن كېيىن مۆجىزىدەك ھايات قېلىپ، مۇشۇ ئارالغا سەرسان بولۇپ كەلگەن كۈنۈممۇ



دەل شۇ كۈن ئىدى. بۇ كۈنلەر خۇددى تىپىشماقتەك كاللامنى چىرمىۋالدى.

كېيىن مەن ھايۋان تېرىسىدىن بىر چاپان بىلەن كۈنلۈك ياسىدىم. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر چولڭ ئىشنى قىلدىم، يەنى قولۋاق ياسىدىم. بۇ قولۋاقنى يىرىم فۇت يىراقلىقتىكى دەرياغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن يەنە ئالتە ئىنگلىزچىسى كەڭلىكتە، تۆت فۇت چوڭقۇرلۇقتا بىر قانال قازدىم. قولۋاق بولغاچقا، ئۇنىڭغا ئولتۇرۇپ ئارالنى ئايلىنىپ چىقىشنى پىلانلىدىم. ئىلگىرى قۇرۇقلۇقتا پىيادە مېڭىپ، ئارالنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە بارغان. شۇ ۋاقىتتىكى ساياھەتتە مەن نۇرغۇن يېڭى ئىشلارنى باي-قىغانىدىم. شۇڭا، ئارالنىڭ دېڭىز قىرغىقىدىكى باشقا جايلارنىمۇ كۆرۈپ باقماقچى بولدۇم.

ھازىر بۇ ئارالنى قولۋاق بىلەن ئايلىنىپ چىقىش مەقسىتىم ئىشقا ئاشىدىغان بولدى. بۇ مەقسەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەربىر ئىشنى ئەتراپلىق، ئېھتىيات-چانلىق بىلەن قىلدىم. بۇ مېنىڭ ئارال دۆلىتىگە بار-غىنىمغا ئالتە يىل بولغان ۋاقىت ئىدى. مەن ساياھە-تىمنى باشلىدىم. سەرپ قىلغان ۋاقتىم مۆلچەرلىگەن ۋاقتىمدىن كۆپ ئېشىپ كەتتى. چۈنكى مەن ساياھەت داۋامىدا، ھاياتىمدىن ئايرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدىم. قىرغاققا چىققاندىن كېيىن يۈكۈنۈپ تۇرۇپ، تەڭرىنىڭ مېنى خەتەردىن يەنە قۇتقۇزۇۋالغانلىقىغا رەھمەت

ئېيتتىم ھەمدە پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، كېتىش خىيالىم-
دىن ۋاز كېچىشكە بەل باغلىدىم. مەن يولدا ئىلمۇالغان
نەرسىلىرىمنى يەپ، قولۇقىمنى دېڭىز قولتۇقىدىكى
دەرەخ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ، سەھرادىكى داچامغا پىد-
يادە مېڭىپ باردىم. مەن دېڭىزدا شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت
يۈرگەچكە، بەك چارچاپ كەتكەنىدىم. ھازىر بىرنەچچە
كۈن تىپتىنچ دەم ئېلىپ، كەچۈرمىشلىرىمنى ئەسلەپ
چىقاي دەيمەن. مەن قولۇاقنى مۇشۇ تەرەپكە ئېلىپ
كېلىشنى بەكمۇ خالايتتىم، لېكىن چارە تاپالمىدىم.
ئارالنىڭ شەرقىي تەرىپىگە بېرىپ باققان بولسامموۇ، يەنە
بىر قېتىم تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى
بىلدىم. بۇ قېتىمقى كەچۈرمىشلىرىمنى ئويلىسام، پۈ-
تۈن ئەزايىمنى تىترەك باسىدۇ. ئارالنىڭ غەربىي تەرد-
پىدىكى ئەھۋاللارنى ئازراقمۇ بىلمەيمەن. ئەگەر ئۇ تە-
رەپتىكى ئېقىنمۇ شەرق تەرەپتىكى ئېقىندەك شىددەت-
لىك بولسا، مەنمۇ ئاشۇ قېتىمقىدەك خەتەرگە ئۇچراپ،
قاينام ئىچىگە كىرىپ كېتىشىم مۇمكىن. بۇلارنى ئويد-
لاپ، قولۇاقنى ئىشلەتمەسلىكنى قارار قىلدىم. تەخمى-
نەن بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۆزۈمنى بىسىۋېلىپ،
تىپتىنچ راھەت تۇرمۇش كەچۈردۈم. بۇنى سىلەرمۇ ھېس
قىلالايسىلەر. لېكىن مۇشۇنداق ئېسىل تۇرمۇشتا ماڭا
ھەمراھ بولىدىغان بىرەرسىمۇ يوق.

ھازىر مېنىڭ ئارالدا ھايات كەچۈرگىنىمگە 11 يىل

بولدى. ئوق ـ دورىلىرىم بارغانسېرى ئازلاپ كەتتى. شۇ- نىڭ بىلەن تۇزاق ياكى قىسماق ياساپ، تاغ تېكىسىنى قانداق قىلىپ تۇتۇشنى تەتقىق قىلىشقا باشلىدىم. مەن بوغاز ئارقاردىن بىرەرسىنى تىرىك تۇتۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. نەتىجىدە، بىرنەچچە قىسماق ياساپ تاغ تې- كىسىنى تۇتتۇم.

مەن ئۈچ تۇياق تاغ تېكىسىنى تۇتتۇم ھەم ئۇلارنى باقتىم. بىر يېرىم يىل ۋاقىتقا يەتمەيلا بۇلار كۆپىيىپ 12 تۇياققا يەتتى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن يەۋەتكەن تاغ تېكىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا 43 كە يەتتى. مەن يەنە بەش ـ ئالتە قوتان ياسىدىم. ھەممىگە قادىر تەڭرىم ئۆزى ياراتقان بارلىق جانلىقلارغا نېمىدېگەن مېھىر ـ شەپقەتلىك ـ ھە! ئۇ ھەتتا ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قال- غانلارغىمۇ يەنىلا مېھىر ـ شەپقەت يەتكۈزىدۇ. جاپانى بەختكە ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا بىز ھەتتا تۈرمىگە كىرىپ قالساقمۇ، ئۇنى مەدھىيىلىشىمىز كېرەك. مەن مۇشۇ قاقاس ئارالغا كەلگەندە، چوقۇم ئاچلىقتىن ئۆلىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمەلىيەتتە ھازىر ئالدىمدا مول نازۇنې- مەتلەر تۇرۇپتۇ.

# ئالتىنچى باب

بىر كۈنى چۈشتە، قېيىقىمنى كۆرۈپ كېلىشكە بېرىپ، دېڭىز قىرغىقى ساھىلىدا بىر ئاياغ ئىزىنى كۆردۈم ۋە ھەيران قېلىپ، تۇرغان جايىمدا قېتىپلا قالدىم. بۇ كۈپكۈندۈزدە جىن كۆرگەندەكلا ئىش بولدى. ئەتراپىمغا زەن قويۇپ قارىدىم، دىققەت بىلەن تىڭشىدىم، ئەمما ھېچنېمىنى كۆرمىدىم. مەن ئېگىزگە چىقىپ دېڭىزغا نەزەر سالدىم ھەم دېڭىز قىرغىقىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتىم، لېكىن بىرەر جانلىقتىن ئەسەر يوق ئىدى. بۇ ئىش مېنى تولىمۇ بىئارام قىلىپ قويدى. خۇددى ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك، ھەر خىل خىياللارنى سۈردۈم، كېيىن تۇرالغۇمغا قاراپ يۈگۈردۈم.

مەن بىر كېچە كۆزۈمنى يۇمىدىم. ئۇخلىيالمىغانسېرى گۇمانىم كۈچەيدى. بۇ بىر غەيرىي ئەھۋال ئىدى. بۇ قورقۇپ كەتكەن جانلىقنىڭ نورمال روھىي ھالىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ ھەيران قېلىپ، قالايمىقان خىياللارنى قىلغانلىقىمدىن بولسا كېرەك، ئويلىغانسېرى كۆز ئالدىمغا يامان تەرەپلەر كېلىۋالاتتى. بەزىدە، بەلكى ئۇ ئالۋاستىلارنىڭ قىلغان

ئىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايتتىم ھەم ئويلىغانلىرىمنى مۇئەييەنلەشتۈرەتتىم. باشقىلار نەگە كېتىدۇ؟ ئارالغا كەلگەن پاراخوت نەدىدۇ؟ باشقىلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى نەدىدۇ؟ ...دېگەنلەرنى ئويلايتتىم.

يەنە كېلىپ مەن ئارالنىڭ ئۇ تەرىپىدە، ئالۋاستى ئىشنى ھەرگىزمۇ بۇنداق ئاددىيغىنە قىلمايدۇ، ئاياغ ئىزىنى ھەم مەن كۆرمەيدىغان ساھىلغا قالدۇرۇپ قويمايدۇ. چۈنكى، شامال چىقسىلا دېڭىز دولقۇنى ئاياغ ئىزىنى يوقىتىۋېتىدۇ، بۇنىڭدىن قارىغاندا، يۇقىرىقى خىيالىم ئەقىلغا سىغمايتتى، شۇنىڭدەك ئالۋاستىلارغا بولغان كۆزقارىشىمغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى. مېنىڭچە، جىن ـ ئالۋاستىلار ئىشنى ناھايىتى پۇختا ۋە پىلانلىق قىلىدۇ.

بىر كۈنى ئەتىگىنى كارىۋاتتا يېتىپ: «بۇ ياۋايى ئادەمنىڭ ئاياغ ئىزى بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، يۈرىكىم سېلىپ كەتتى. شۇ چاغدا مەن تۇيۇقسىز «ئىنجىل» دىكى: «سەن پېشكەللىككە ئۇچرىغاندا ماڭا ئىلتىجا قىلساڭ، مەن سېنى چوقۇم قۇتقۇزىمەن، ئەمما سەن مېنى مەدھىيىلىشىڭ كېرەك» دېگەن ئىبارىلەرنى ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم. كۆڭلۈم خېلى يورۇپ قالغاندەك ھېس قىلدىم ھەم ئىلھاملاندىم. شۇنىڭ بىلەن تەڭرىگە ئىلتىجا قىلىپ، مېنى قۇتقۇزۇشىنى تەلەپ قىلدىم. دۇئا ـ تىلاۋەتتىن

كېيىن ئىنجىلنى ئېچىپ، ئالدى بىلەن: «تەڭرىنى كۈت، باتۇر، جاسارەتلىك بول، ئىرادەڭ چىڭ بولسۇن، تەڭرىنى كۈت» دېگەن سۆزنى كۆردۈم. بۇ سۆز ماڭا تە-سەللى بولدى. بۇ تەسەللىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىنجىلنى قويۇپ قويدۇم. كۆڭلۈم ھاياجانغا تولدى. ئەمدى ئەندىشە قىلمايدىغان بولدۇم. ئۇدا نەچچە كۈن قوتانغا بېرىپ سۈت ساغدىم. ھېچنېمىنى بايقىمىدىم. ئۆزۈمۇ پەسكويغا چۈشۈپ قالدىم، ھېچقانداق ئىش يۈز بەرمىدى، بۇ ئۆزۈمنىڭ خىيالى ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. ھەتتا بۇ، ئۆزۈمنىڭ ئاياغ ئىزى بولۇشى مۇمكىن دەپ گۇمانلاندىم. شۇنىڭ بىلەن يەنە دېڭىز ساھىلىغا بېرىپ، ئاياغ ئىزىم بىلەن ھېلىقى ئاياغ ئىزىنى سېلىشتۇردۇم. بىراق ئاياغ ئى-زىمنىڭ كىچىكلىكىنى بايقىدىم. نەتىجىدە، قورقۇنۇمدىن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. مەن دەر-ھال ئۆيۈمگە قايتتىم. ئىشىنىمەنكى، ئاز دېگەندە بىر ياكى بىرنەچچە ئادەم قىرغاققا چىققان. قىسقىسى، ئارالدا جەزمەن ئادەم بار. ھامان بىر كۈنى ماڭا ئۇشتۇمتۇت زەربە بېرىشى مۇمكىن، مەن قانداق چارە بىلەن ئۆزۈمنى قوغداشنى بىلمىدىم.

بىرنەچچە ئاي سەرپ قىلىپ، تۇرالغۇ جايىمنىڭ مۇداپىئە ئورنىنى مۇستەھكەملىدىم. كېيىن ئىمكانىقەدەر نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدىم. بىر كۈنى تاغ

ئۈستىدە تۇرۇپ يەر تۈزۈلۈشىنى كۆرۈۋاتقاندا، دېڭىزدا گويا بىر پاراخوتنى كۆرگەندەك بولدۇم. تاغدىن چۈشۈپ قارىسام، پاراخوت غايىب بولۇپ كەتكەندەك سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. بۇ ئىشنىمۇ شۇنداق ئۆتكۈزۈۋەتتىم.

مەن تاغدىن چۈشۈپ، ئارالنىڭ بىر چېتىگە كەلدىم. بۇ ئەتراپقا كېلىپ باقمىغان ئىكەنمەن. بۇ يەرگە كېلىپ چۆچۈپ ھاڭ ـ تاڭ قالدىم. بۇ دېڭىز ساھىلىدا ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ پارچىلىرىنى كۆردۇم. شۇ چاغدىكى ۋەھىمىلىك ھالىتىمنى تەسۋۋۇر قىلالمايمەن. مەن يەنە بىر جايدا گۈلخاننىڭ قالدۇقلىرىنى كۆردۇم. «ياۋايى ئادەملەر گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈپ گۆشىنى يەپ زىياپەت ئۆتكۈزگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم.

شۇنىڭدىن باشلاپ تۇرمۇشۇم يەنە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى.

5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى. يەنى تەخمىنەن 5 ـ ئاي- نىڭ 16 ـ كۈنى بولۇشى مۇمكىن، بۇنى تۈۋرۈككە سى- زىلغان سىزىقچە بويىچە ھېسابلىدىم. مەن ھازىرغىچە تۈۋرۈككە سىزىق سىزىپ كېلىۋاتىمەن، لېكىن تازا توغرا دېگىلى بولمايدۇ. بۇ كۈنى بوران چىقتى. كۈن بويى گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ، چاقماق چېقىپ، كېچىچە توختىماي يامغۇر ياغدى. مەن ئىنجىل ئوقۇپ، ئۆز ئەھۋالىم ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاندا، ئۇشتۇمتۇت ئوق ئا-

ۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. بۇ، دېڭىز تەرەپتىن كەلگەن ئوق ئاۋازى ئىدى. بۇ پوتونلەي كۇتولمىگەن ئىش بولدى. بۇ تاسادىپىي ۋەقە بۇرۇن دۇچ كەلگەن ئىشلارغا ئوخشىمايتتى، شۇنداقلا ئىنكاسىمۇ ئوخشىمايتتى. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇردۇم. تېزلىكتە شوتىنى تىرەپ ئۇستىگە چىقتىم. دەل شۇ چاغدا مەن يەنە چاقناۋاتقان ئوت يورۇقىنى كۆردۇم. ئىككىنچى پاي ئوق ئېتىلىدىغانلىقىنى بىلدىم. دەرۋەقە مەن ئويلىغاندەك يېرىم مىنۇتتىن كېيىن ئىككىنچى پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدىم. ئۇ ئاۋاز دەل ئالدىنقى قېتىم قېيىقتا ئولتۇرۇپ ئارالنى ئايلانغاندا، قىيانغا كىرىپ كەتكەن ئاشۇ ئەتراپتىكى دېڭىز تەرەپتىن چىققانلىقىنى بىلدىم.

مەن، بۇ چوقۇم دېڭىزدا قازاغا ئۇچرىغان پاراخوت، ئۇلارغا ھەمراھ بولغان باشقا پاراخوتلارمۇ بار، شۇڭا قۇتقۇزۇش ئۇچۇن بەلگە بەرگەن ئوق ئاۋازى دەپ ئويلىدىم. بۇ چاغدا مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. گەرچە ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋالالمىسامۇ، ئەكسىچە ئۇلار ماڭا ياردەم بېرىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. شۇنىڭ بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى شاخ ـ شۇمبىلارنى يىغىپ كېلىپ، تاغ ئۇستىگە دۆۋىلەپ ئوت ياقتىم. شاخ ـ شۇمبىلار قۇرۇپ كەتكەچكە، ئوت يېقىشىم بىلەن چاراسلاپ كۆيۈپ كەتتى. گەرچە شامال قاتتىق چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئوت يەنىلا بۇرۇنقىدەك كۆيدى. ئىشىنىمەنكى، پاراخوتتىكىلەر ئوتنى

كۆرەلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇلار راستتىنلا كۆرۈپتۇ. چۈنكى مەن ئوت يېقىشىم بىلەنلا، بىر پاي ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇلاپلا يەنە بىرنەچچە پاي ئوق ئاۋازى شۇ نىشاندىن ئاڭ-لاندى.

مەن ئوتنى تاڭ ئاتقۇچە قالدىم. تاڭ ئاتتى. مەن بىرەر پاراخوتنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئىشىنەت-تىم. ھادىسىگە ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى ئۈمىد قىلاتتىم. بىر ئادەم قۇتۇلۇپ چىقسىمۇ نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟!... مەن بۇ سۆزنى تالاي قېتىم تەكرارلىغاندىمەن.

لېكىن ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ ھايات قالمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ، ئۆزۈمنىڭ، ھەممىمىزنىڭ تەقدىرىمىز شۇن-داقتۇ. بىزنى ئۆزئارا ئالاقە قىلىشقا، كۆرۈشۈشكە نې-سىپ قىلمىغاندۇ. ئارالدىن ئايرىلىپ كېتىدىغان ئا-خىرقى يىلغىچە، شۇ پاراخوتتىكى ئادەملەرنىڭ ھايات قالغان - قالمىغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

# يەتتىنچى باب

مەلۇم مەزگىلدىن كېيىن، تۇرمۇشۇم يەنە خاتىرجەم ئۆتۈشكە باشلىدى. پەقەت ئىلگىرىكىدىن ئېھتىياتچانراق بولۇپ قالدىم. مەن دائىم سىرتتىن كەلگەن شەپىلەرگە دىققەت قىلىمەن. سىرتلارغا بەك ئاز چىقىمەن.

بەزىدە سىرتلارغا چىقسام، ئارالنىڭ شەرقىي تەرىپىگىلا بارىمەن. شەرقىي تەرەپكە چىقسام، ئوق مىلتىقى، ئوق - دورىلارنى ئېلىۋالمايمەن. باشقا يەرلەرگە بارسام، قورال ۋە ئوق - دورىلارنى ئېلىۋالىمەن.

مەن شۇنداق ئەھۋالدا ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۇم. كاللام نۇرغۇن پىلانلار بىلەن تولدى. گەرچە بۇ نەس باسقان كاللامنىڭ ئۆزۈمنى ئازابلاشقىلا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى بىلسەممۇ، يەنىلا پۈتۈن نىيىتىم بىلەن مۇشۇ ئارالدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايتتىم.

مەن بۇ ئارالغا كەلگىلى 24 يىل بولدى. بىر كۈنى ئاسما كارىۋاتتا ياتقانىدىم، ئۇيان ئۆرۈلۈپ - بۇيان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم. مەن ناھايىتى ساغلام ئىدىم. كېسىلىممۇ يوق ئىدى. ئۆزۈمنى بىئارامىمۇ ھېس قىلمايتتىم. كۆڭلۈم ناھايىتى خاتىرجەم ئىدى. قانداقتۇر بۇ كۈنى كېچىسى كۆزۈمنى يۇمسامىمۇ ھەرقانداق قىلىپ

ئۇخلىيالمىدىم. ئۇيلاۋېرىپ نېرۋام چارچاپ، ئاخىر خا-
مۇش ھالەتتە ئۇخلاپ قاپتىمەن. بەلكىم بەزىلەر مېنى
چۈشىدىمۇ قورۇقلۇقتا چىقىپ چۈش كۆرىدۇ، دەپ
ئويلايدىغاندۇ، ئەمما بۇنداق چۈش كۆرمەي، بۇنىڭغا مۇنا-
سىۋەتسىز بىر چۈش كۆردۈم. چۈشۈمدە بىر ياۋايى ئا-
دەمنى قۇتقۇزۇۋاپتىمەن، ئۇ كېيىن ماڭا يول باشلىغۇچى
بوپتۇ.

بۇ چۈش ماڭا ئىلھام بەردى. مەن ئەگەر مۇشۇ ئا-
رالدىن قۇتۇلۇپ تۇرمۇش كەچۈرەي دېسەم، قۇتۇلۇشتىكى
بىردىنبىر چارە بىر ياۋايى ئادەمنى قولغا چۈشۈرۈش،
بەلكى مۇمكىن بولسا ئەڭ ياخشىسى، باشقا ياۋايى ئادەم-
لەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغان ئەسىر
بولۇشى كېرەك. لېكىن بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ
قىيىنچىلىق بار، ئۇ بولسىمۇ، مۇشۇ بىر توپ ياۋايى
ئادەمگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈ-
ۋېتىش. لېكىن ئۆزۈمنىڭ قۇتۇلۇشى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ
جېنىغا زامىن بولۇش كاللامدىن ئۆتمىدى. ئاخىر ئۇ-
زۇمنى قۇتۇلدۇرۇش ئارزۇيۇم ھەممىنى يەڭدى. مەن
ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن قورقماي، ياۋايى ئادەمدىن
بىرنى قولغا چۈشۈرۈشنى قارار قىلدىم.

بىر يېرىم يىلدىن كېيىن پۇرسەت كەلدى. باشقىلار
تۇتۇپ يېمەكچى بولۇۋاتقان بىر ياۋايى ئادەمنى مۇۋەپپەق-
قىيەتلىك قۇتۇلدۇردۇم. بۇ ياۋايى ئادەمنىڭ قاش- كۆز-

لىرى جايىدا، پۇت ـ قوللىرى تۈز، بويى ئېگىز، تېنى ساغلام ئىدى. مەن ئۇنىڭغا «جۇمە» دەپ ئىسىم قويدۇم. ئۇ ماڭا نۇرغۇن ئىشارەتلەرنى قىلىپ، ماڭا بويسۇنىدىغانلىقىنى، ماڭا قۇل بولۇشقا رازى ئىكەنلىكىنى، ماڭا خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ بۇ ئىشارەتلىرىنى چۈشەندىم. مەن ئۇنىڭدىن رازى بولغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭغا تىل ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدىم. ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا: «سېنىڭ ئىسمىڭ جۇمە. بۇ كۈن سېنى قۇتقۇزۇۋالغان كۈن. بۇ ئىسمىنى سېنى قۇتقۇزۇۋالغان كۈننى خاتىرىلەش ئۈچۈن قويغان» دېدىم.

كەچتە ئۇنىڭ بىلەن گەمىدە بىر كېچە ئۇخلىدىم. تاڭ ئاتقاندا ئۇنىڭ بىلەن سىرتقا چىقىپ، ئۇنىڭغا بىر قۇر كىيىم كىيگۈزىدىغانلىقىمنى ئېيتتىم. ئۇ مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەندى ھەم خۇش بولدى. چۈنكى، ئۇ ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئىدى. بىز ياۋايى ئادەملەر ئىككى جەسەتنى كۆمۈپ قويغان جايدىن ئۆتكەندە، ئۇ بۇ يەردىكى بەلگىنى كۆرستىپ، ماڭا قول ئىشارىتى قىلىپ، جەسەتنى چىقىرىپ يېمەكچى بولغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشقا ناھايىتى خاپا بولدۇم ھەم بۇنىڭ گۇناھلىق ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى «ھۆ قىلىش» ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا، بۇ يەردىن دەرھال كېتىشنى ئىشارەت

قىلدىم. ئۇ بويسۇنۇپ، ياۋاشلىق بىلەن ئارقامدىن ماڭدى. مەن ئۇنى تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ دۈشمىنىنىڭ يىراقتا كەتكەن ــ كەتمىگەنلىكىگە قاراپ باقماقچى بولدۇم. مەن دۇربۇننى ئېلىپ قارىسام، ئۇلارنىڭ ئالدىنقى كۈنى توپلاشقان ئورنى كۆرۈندى. ياۋايى ئادەملەر بىلەن قولۋاق يوق ئىدى. شۈبھىسىزكى، ئۇلار قولۋاققا ئولتۇرۇپ كېتىپتۇ.

مەن «جۈمە» نى ئۆلتۈرۈلگەن ئادەملەرنىڭ سۆڭەكلىرى ۋە گۆشلىرى، ياۋايى ئادەملەر يەپ ئېشىپ قالغان نەرسىلەرنى دۆۋىلەشكە بۇيرۇدۇم، ئاندىن ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتىم. مەن جۈمەنىڭ ئادەم گۆشى يېيىشتەك تۇغما تەبىئىتىنى ئۆزگەرتەلمەيۋاتقانلىقىنى، ئادەم گۆشىنى كۆرسىلا نەپسىنى باسالمايدىغانلىقىنى بايقىدىم. لېكىن مەن بىر ئاماللار بىلەن ئۇنىڭغا ئادەم گۆشىنى يېيىشنىڭ ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدۈردۈم. مەن يەنە ئۇنىڭغا، ئادەم گۆشى يېسە، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۈم. ئۇ بۇنداق قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. بۇ ئىشنى بېجىرىپ بولغاندىن كېيىن، بىز قەلئەيىمىزگە كەتتۇق. مەن ئۇنىڭغا كىيىم تىكىپ بەردىم، يەنە ئۇنىڭغا كىچىك بىر چېدىر تىكىپ بەردىم. ھەر كۈنى كېچىسى قورالىمنى يېنىمغا قويۇپ، جىددىي پەيتتە ئىشلىتىشكە تەييارلىق قىلىپ قويدۇم.

ئەمەلىيەتتە، مەن جۇمەگە قارىتا مۇداپىئەلىنىش تەدبىرلىرىنى قوللانمىساممۇ بولاتتى. ھەرقانداق كىشى-مۇ جۇمەدەك سادىق، ياۋاش، قولىقى يۇمشاق، سۆيۈملۈك بولماس. ئۇنىڭ خۇيى يوق، مىجەزى ئوبدان، ھىيلە-مىكىرىسى يوق. ماڭا ھەم بويسۇنىدۇ، ھەم قىزغىن مۇئامىلە قىلىدۇ.

ئۇنىڭ ماڭا بولغان ھېسسىياتى ئاتا بىلەن بالىنىڭ ھېسسىياتىدەك چوڭقۇر. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ ھەرقانداق ۋاقىت، ھەرقانداق جايدا مېنى قوغدىغان ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى. مەن جۇمەگە ئازراق دىنىي بىلىم ۋە ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە بىلىملىرىنى ئۆگەتتىم. مەنمۇ جۇمەدىن ياۋايى ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ئىگىلىدىم. قەلئەگە قايتىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق ئوزۇقلىنىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش، بولۇپمۇ ئادەم گۆشى يېيىش ئا-دىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا باشقا گۆش تۈرلى-رىنىڭ تەمىنى تېتىتقۇزۇپ بېقىشنى ئويلاپ، بىر كۈنى ئەتىگەن ئۇنى ئورمانلىققا ئېلىپ باردىم.

مەن بىر قوينى سويۇپ پىشۇرۇپ ئۇنىڭغا يېگۈز-دۈم، ئۇ ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن يېدى.

ئۇنىڭغا قوي گۆشىنى پىشۇرۇپ يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى كۈنى كاۋاپ يېگۈزمەكچى بولدۇم.

مەن ئەنگلىيىنىڭ كاۋاپ پىشۇرۇش ئۇسۇلى بويىچە ئوتنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىر تال ئاچا ياغاچ تىكلەپ،

ئۇستىگە توغرىسىغا بىر تال ياغاچ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن يىپ بىلەن گۆشنى ياغاچ ئۇستىگە باغلاپ ئې-سىپ، ئۇنى توختىماي ئايلاندۇرۇپ پىشۇردۇم. جۇمە مې-نىڭ بۇ خىل كاۋاپ پىشۇرۇش ئۇسۇلۇمغا ھەيران قالدى ۋە كاۋاپنىڭ تەمىنى تېتىغاندىن كېيىن، مۇشۇ پۇراقنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندىم. ئاخىر ئۇ، ماڭا بۇنىڭدىن كېيىن ئادەم گۆشى يېمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بۇ گې-پىنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولدۇم.

بۇ مەن ئارالغا كەلگەندىن كېيىن ئۆتكۈزگەن ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر يىل ئىدى. جۇمە ئىنگلىز تىلىنى خېلى يامان ئەمەس ئۆگىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا بۇي-رۇغان ئىشنى، نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى ئاساسىي جەھەت-تىن چۈشىنىدىغان بولدى. ئۇ مەن بىلەن كەچكىچە پا-راڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئىلگىرى پاراڭلىشىش پۇرسىتىم ئاز ئىدى، ھازىر تىلىمنىڭ سۆزلەش رولىنى جارى قىلدۇرالىدىم. ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشسام ئۆزۈمنى ناھا-يىتى خۇشال ھېس قىلاتتىم، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ-نىڭ پەزىلىتىگە ناھايىتى قايىل بولاتتىم، ئارىلاشقان-سېرى ئۇنىڭ سەبىي، سەمىمىيلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ھەقىقەتەنمۇ چىن كۆڭلۈمدىن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. شۇنداق دېيەلەيمەنكى، ئۇنى ھەرقانداق ئادەمنى سۆيگەندىنمۇ بەكرەك سۆيىمەن. مەن تەڭرىنىڭ جۇمەنى ماڭا ئاتا قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىمەن!

# سەككىزىنچى باب

مەن تولۇپ تاشقان مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن، مۇشۇ ئارالدىكى ئاخىرقى يىللىرىمنى ئۆتكۈزدۇم. جۇمە بىلەن بىللە ئۆتكەن ئۈچ يىل ئىچىدە، ئۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پاراڭلاشتىم. كۈنلىرىمىزمۇ خۇشال - خۇرام ئۆتتى. ئەگەر پانىي ئالەمدە مۇكەممەل، بەختلىك تۇرمۇش بار دېيىلسە، ئۇنداقتا، مۇشۇ بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى شۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ. ھازىر بۇ ياۋايى ئادەم ئىخلاسمەن خرىستىئان مۇرىتىغا ئايلاندى، ھەتتا مەندىنمۇ بەكرەك ئىخلاسمەن بولۇپ كەتتى.

مەن جۇمە بىلەن ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدىم. ھازىر ئۇ گەپلىرىمنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك چۈشىنەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىرى ئانچە ئۆلچەملىك بولمىسىمۇ، مەن بىلەن ناھايىتى راۋان سۆھبەتلىشەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ كېلىپ چىقىشىمنى، بولۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالغانلىقىمنى، قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىمنى، قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم.

مەن ياۋروپانىڭ ئەھۋالىنى، بولۇپمۇ يۇرتۇم ئەنگلىيىنىڭ ئەھۋالىنى، بىزنىڭ ئەنگلىيىدە قانداق تۇرمۇش

كەچۈرۈپ، تەڭرىگە قانداق چوقۇنىدىغانلىقىمىزنى، ئادەم بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى، ئۇلار بىلەن قانداق ئىناق ئۆتۈشىدىغانلىقىمىزنى، ھەتتا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قانداق سودا قىلىغانلىقىمىزنى سۆزلەپ بەردىم. يەنە بىز ئولتۇرغان پاراخوتنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ بەردىم ھەمدە ئۇنىڭغا، پاراخوتنىڭ چۆكۈپ كەتكەن يېرىنى تەخمىنەن كۆرسىتىپ بەردىم. مەن يەنە جېنىمىزنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش ئۈچۈن ئولتۇرغان قولۋاقنىڭ پارچىلىرىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. جۇمە بۇ كىچىك قولۋاقنى كۆرۈپ، بىر ئىبغىزمۇ گەپ قىلماي داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭدىن، نېمىنى ئويلاۋاتىسەن دەپ سورىسام، ئۇ ماڭا، بىر كىچىك كېمىنىڭ بىز تۇرغان جايغا بارغانلىقىنى كۆرگەنىدىم، دېدى. مەن، بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى ئۇزاققىچە چۈشىنەلمىدىم. ئاخىر تەپسىلىي سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق ئەھۋالنى ئېنىق ئۇقتۇم. ئىلگىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قولۋاق ئۇلار تۇرغان جايغا كەلگەن ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قولۋاق بوراندا ئېقىپ كېتىپتۇ. مېنىڭچە، بۇ ياۋروپانىڭ سودا پاراخوتى، چوقۇم مۇشۇ دېڭىز قىرغىقى ئەتراپىدا ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقتىن قىرغاققا كېلىپ قالغان. ھېلىقى قولۋاقنى بوران ئۇچۇرتۇپ مۇشۇ يەرگە ئەكېلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن.

جۇمە يەنە ماڭا، سۇدىن ئاق تەنلىك كىشىلەرنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇنىڭدىن ئاشۇ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلسام، ئۇ ماڭا، ئۇلار-نىڭ ھەممىسى ھايات، ئۇلار بىزنىڭ قەبىلىمىزدە تۇرۇ-ۋاتىدۇ، دەپ جاۋاب بەردى. ئۇنىڭ سۆزلىرى مەندە بىر ئوي پەيدا قىلدى. ئاشۇ ئاق تەنلىكلەر ئالدىنقى قېتىم ئارالدا ھادىسە يۈز بەرگەندە مەن كۆرگەن پاراخوتتىكى ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. پاراخوت خادا تاشقا ئۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار پاراخوتنىڭ چۆكۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ، قولۋاققا چىقىپ ھايات قال-غان. ئۇلار ياۋايى ئادەملەر توپلىشىپ تۇرغان قاقاس دې-ڭىز قىرغىقىغا چىققان ئىكەن.

مېنىڭ راستىنلا تەۋەككۇل قىلىپ دېڭىزدىن ئۆ-تۈپ باققۇم كەلدى. ئاشۇ ساقاللىق كىشىلەر بىلەن جەم بولغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سىناپ باقماقچى بولدۇم. شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئۇلار يا ئىسپانىيىلىك، يا پورتۇگالىيىلىك. مۇبادا مەن ئۇلار بىلەن جەم بولسام، ئامال قىلىپ مۇشۇ يەردىن قۇتۇلالايدىغانلىقىمغا ئىشە-نەتتىم. شۇنىڭ بىلەن مەن جۇمەنى ئارالدىكى قولۋاق قويغان جايغا ئېلىپ باردىم. مەن قولۋاقنى سۇغا چۆ-كۈرۈپ قويغانىدىم. شۇڭلاشقا ئۇ يەرگە بارغاندىن كې-يىن، ئالدى بىلەن قولۋاق ئىچىدىكى سۇلارنى چىقىرد-ۋېتىپ، قولۋاقنى سۇ ئۈستىگە چىقىرىپ ئۇنىڭغا

كۆرسەتتىم ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە قولۋاققا چىقتىم.

مەن ئۇنىڭ قولۋاق ھەيدەشكە ئۇستا ئىكەنلىكىنى، قولۋاقنى مەندىن بىر ھەسسە تېز ھەيدىيەلەيدىغانلىقىنى بايقىدىم.

شۇڭا مەن قولۋاقتا ئۇنىڭغا: «جۇمە، ئەمدى سىلەرنىڭ قەبىلەڭلارغا بارساق بولار؟» دېدىم. ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. قارىغاندا، ئۇ بۇ قولۋاقنى بەك كىچىك كۆردى بولغاي، يەنە كېلىپ بۇ قولۋاق ئۇزۇنغا ماڭالمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا، مېنىڭ بۇنىڭدىن چوڭراق قولۋىقىم بار، دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىنچى كۈنى مەن يەنە ئۇنى تۇنجى قولۋىقىمنى ياساپ يوشۇرۇپ قويغان جايغا ئېلىپ باردىم. مەن ياسىغان ئۇ قولۋاقنى سۇغا چۈشۈرۈشكە ئامال يوق ئىدى. شۇڭا مەن ئۇنى يوشۇرۇپ قويىمىغانىدىم. 22، 23 يىل ئوچۇقچىلىقتا تۇرغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ھەممە يېرى ئاپتاپتا يېرىلىپ، چىرىپ كېتىپتۇ. جۇمە ماڭا مۇشۇنداق قولۋاق بولسىمۇ بولىۋېرىدۇ، يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك، ئىچىملىك قاچىلىغىلى بولسىلا كۇپايە، دېدى.

شۇنىڭ بىلەن بىز بۇنىڭدىن چوڭراق بىر قولۋاق ياساشنى قارار قىلدۇق.

ئىككىمىز بىللە ئىشلىگەچكە، قولۋاقنى ناھايىتى تېزلا ياساپ پۈتتۈردۇق. قولۋاق گەرچە ناھايىتى يوغان

بولسىمۇ، سۇغا چۆشۈرگەندىن كېيىن، جۈمە ئۇنى بى-مالال ۋە تېز ھەيدىدى. ئۇنىڭ بۇ چەبدەس ھەرىكەتلىرى مېنى تولىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئۇنىڭدىن: «مۇشۇ قول-ۋاق بىلەن دېڭىزدىن ئۆتەلەيمىزمۇ؟» دەپ سورىدىم. ئۇ: «شۇنداق بىز مۇشۇ قولۋاق بىلەن دېڭىزدىن ئۆتەلەيمىز، شامال چىقسىمۇ ھېچ ۋەقەسى يوق» دېدى. ئەمما، مېنىڭ قولۋاقنى باشقىچە لايىھىلەش ئويۇم بار ئىدى، جۈمە بۇ ئىشنى ئويلاپمۇ باقمىغان، مەن كېمىگە موما، لەڭگەر، زەنجىرلەرنى ئورناتماقچى ئىدىم.

بۇ ئىشقا تەخمىنەن ئىككى ئايغا يېقىن كۈچ سەرپ قىلدىم. چۈنكى، مەن ئىشلارنى ئىمكانقەدەر مۇكەممەل قىلىشقا تىرىشتىم. بۇنىڭدىن باشقا يەنە كېمىگە كى-چىك موما ۋە زەنجىر ئورنىتىپ، تىرەك بېكىتتۇق.

قولۋاق پۈتكەندىن كېيىن، مەن يەلكەن ۋە رول باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى جۈمەگە ئۆگىتىپ قويدۇم. ئەلۋەت-تە، ئۇ كېمىنى ئوبدان ھەيدىگەن بىلەن، يەلكەن ۋە رول باشقۇرۇشنى بىلمەيتتى.

ئۇ مېنىڭ رولنى تۇتۇپ، دېڭىزدا بىمالال ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىمنى، يەنە يەلكەننىڭ كېمىنىڭ يۆنىلى-شىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇرغانلىقىنى، بىردەم ئوڭ تەرەپكە، بىردەم سول تەرەپكە ھاۋا قاچىلىنىپ قالغانلى-قىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ھەيران قالدىلا ئەمەس، بەلكى داڭ قېتىپلا قالدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي مەن

ئۇنىڭغا رول تۇتۇش ۋە يەلكەن باشقۇرۇشنى ئۆگىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ناھايىتى تېزلا ئۇستا ماتروس بولۇپ كەتتى. پەقەت مۇشۇ كومپاس دېگەن نەرسىنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدىم. ياخشى يېرى شۇكى، بۇ ۋاقىتتا بۇلۇتلۇق كۈنلەر ئاز بولدى. ئەتىگىنى ھەمىشە دېڭىز قىرغىقىنى، كەچتە يۇلتۇزنى كۆرگىلى بولغاچقا، كومپاسنى بەكمۇ ئىشلىتىپ كەتمىدۇق. ئەلۋەتتە يامغۇرلۇق پەسىللەردە ئەھۋال ئوخشىمايتتى. يامغۇرلۇق پەسىللەردە ئادەتتە ھېچكىممۇ سىرتقا چىقمايتتى. دېڭىز ساياھىتىنىغۇ دېمەيلا قوياي، ھەتتا ئارالدا سىرتقا چىقىپ ماڭىدىغانلارمۇ ئاز ئىدى.

مەن قاقاس ئارالدا 27 يىلنى ئۆتكۈزدۈم. دەرۋەقە ئاخىرقى ئۈچ يىل بۇنىڭ سىرتىدا، چۈنكى، جۈمە ماڭا ھەمراھ بولغاندىن تارتىپ، تۇرمۇشۇمدا بۇرۇنقىغا قارىغاندا زور ئۆزگىرىش بولغانىدى. مەن بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن ئارالغا چىققان خاتىرە كۈننى ئۆتكۈزدۈم.

قۇرغاقچىلىق پەسلى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى. ھاۋانىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دېڭىز تەۋەككۈلچىلىكى قىلىش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتىم. مېنىڭ قىلىدىغان بىرىنچى ئىشىم، دېڭىز سەپىرى ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇق ـ تۈلۈك تەييار ـ

لاش ھەمدە كېمىنى بىر ـ ئىككى ھەپتە ئىچىدە ئورنى-دىن قوزغاپ، سۇغا چۈشۈرۈش بولدى. بىر كۈنى ئەتى-گەندە، ئارالغا تۇيۇقسىز ئۈچ قولۋاق كەلدى. بۇ ياۋايى ئادەملەرنىڭ قولۋىقى ئىكەن.

جەڭ قىلىش تەييارلىقىنى قىلىپ بولغاندىن كې-يىن، مەن دۈربۈننى ئېلىپ تاغ ئۈستىگە چىقىپ، بىرەر شەپە بارمىكىن دەپ كۆزەتتىم. دۈربۈن بىلەن جەمئىي 21 ياۋايى ئادەمنىڭ ئۈچ ئەسىرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى ناھايىتى روشەن كۆردۈم. ئۇلارنىڭ ئۈچ قولۋىقى بار ئىكەن. قارىغاندا، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەق-سىتى بۇ ئۈچ ئەسىرنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىپ غىل-بىسىنى تەبرىكلەپ زىياپەت ئۆتكۈزۈش ئوخشايدۇ. بۇ، بىر ياۋۇزلارچە زىياپەت ئىدى. لېكىن، بۇ ئىشنىڭ ئۇ-لارغا نىسبەتەن ئادەتتىكى ئىش ئىكەنلىكىنى مەنمۇ چۈشىنىمەن.

نەتىجىدە، جۇمە ئىككىمىز 21 ياۋايى ئادەمنى ئۆل-تۈرۈپ، بىر ئىسپانىيىلىك ئەسىرنى قۇتۇلدۇرۇپ قال-دۇق. مەن قولۋاققا چىقىپلا، ئويلىمىغان يەردىن يەنە بىر ئەسىرنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ ئەسىرمۇ ئىس-پانىيىلىككە ئوخشاش پۇت ـ قوللىرى باغلانغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. چۈنكى ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمىگەچكە، كېمە سىرتىدىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈشكە ئامالسىز ئىدى. شۇڭا، زادى قانداق ئىش يۈز

بەرگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ قورقۇپ ئۆلەر ھالەتكە چۈشۈپ قاپتۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بوينى ۋە پۇتىنى چىڭ باغلىۋەتكەنلىكتىن ھەم ئۇزاق باغلاقتا تۇرغانلىقتىن، نەپىسى بوغۇلۇپ قالغانىدى.

مەن دەرھال ئۇنىڭ ئۇستىدىكى باغلاقنى ئۇزۈۋەتتىم. مەن ئۇنى يۆلەي دەپ ئويلىدىم، لېكىن ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەك ماغدۇرى يوق ئىدى. شۇڭا، ئورنۇڭدىن تۇر دېگىلىمۇ بولمايتتى. ئۇ پەقەت كۆچەپ بىر ئىڭراپ قويدى. تۇرقى ناھايىتى بىچارە ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۇستىدىكى باغلاقنى يېشىۋەتكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، مېنى ئۆلتۈرىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ قالغانىدى.

جۇمە كېمىگە چىققىشىغا، مەن ئەسىرنى چاقىرىپ پاراڭلاشماقچى بولدۇم. ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئېيتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەن يەنە ھاراق بوتۇلكىسىنى ئېچىپ جۇمەگە بېرىپ، ئۇنىڭغا ھاراق ئىچكۈزۈپ قويۇشنى بۇيرۇدۇم. ياۋايى ئادەم ھاراقنى ئىچىپ، ئۆزىنىڭ قۇتقۇزۇپ قېلىنغانلىقىنى بىلدى ۋە ناھايىتى خۇشال بولۇپ ئولتۇردى. كۆتۈلمىگەندە جۇمە ئۇنىڭ گەپ قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى سۆيدى ھەم قۇچاقلىدى. بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلۈپ ۋارقىراپ كەتتى، ئارقىدىنلا يەنە قالايمىقان سەكرەپ، ئۇنلۇك ئاۋازدا ناخشا ئېيتتى. كېيىن يەنە يىغلاپ، مۇشتىنى تۈگۈپ، يۈزى ۋە باشلىرىغا ئۇردى. يەنە ئۇنلۇك ئاۋازدا

ناخشا ئېيتىپ، قالايمىقان سەكرىگىلى تۇردى. ئۇنىڭ هالىنى كۆرگەن هەربىر كىشى تەسىرلەنگەنلىكىدىن يىغلاپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇزاققىچە ساراڭلارچە قىلغان قىلىقىدىن هەيران بولۇپ، زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، دېدىم. ئۇ بىردەم جىم-جىت تۇرغاندىن كېيىن، بۇ ياۋايى ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

بىز تۆتىمىز تۇرالغۇمىزغا قايتتۇق. مەن قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ ئىككى ئادەمنىڭ تېنى ناهايىتى ئاجىز ئىدى. مەن ئالدى بىلەن ئۇلارنى يامغۇر ۋە شامال ئۆتمەيدىغان يەرگە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئازراق يەيدىغان نەرسە تېپىپ بەردىم.

چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن (ياكى بۇ كەچلىك تاماق بولۇپ قېلىشى مۇمكىن)، ئۇلار بىلەن سۆهبەتلەشتىم. ئالدى بىلەن، مەن جۇمەگە دادىسىدىن هېلىقى قولۋاققا ئولتۇرۇپ قېچىپ كەتكەن ياۋايى ئا-دەملەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى، يەنە كۆپلىگەن ياۋايى ئادەملەرنى باشلاپ هۇجۇم قىلىپ كې-لىدىغان ـ كەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنى بويسۇندۇرغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سوراپ بېقىشنى بۇيرۇ-دۇم. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بىرىنچى ئىنكاسى شۇ بولدىكى، ئۇلارنىڭ قولۋىقى هېلىقى كۈندىكى بورانغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىكەن، ئۇلارنىڭ قولۋىقىدىن چاتاق چىقسا،

قولۋاق چوقۇم چۆكۈپ كېتىدىكەن. مۇبادا ئۇلار ساق ـ سالامەت قىرغاققا بېرىۋالسا، ئۇلارنىڭ بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشىنى بىرنەرسە دېگىلى بولمايدىكەن. خېلى ئۇزاق ۋاقىتقىچە بىز دەككە ـ دۈككە ئىچىدە ياۋايى ئا-دەملەرنىڭ ھۇجۇمىغا تاقابىل تۇرۇشقا تەييارلىق قىل-دۇق.

خېلى بىر مەزگىلگىچە ياۋايى ئادەملەرنىڭ كېمىسى كۆرۈنمىدى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ قارشىلىق قىلىشىدىن ئەندىشە قىلمايدىغان بولدۇق. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە كېمىگە ئولتۇرۇپ قۇرۇقلۇققا بېرىش مەسىلىسى ئۈس-تىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدىم. مەن ئاق تەنلىكلەر ئارالغا كەلسىلا بىز چوقۇم بىرلىكتە بىر چوڭ كېمە ياساپ، جەنۇبتىن برازىلىيىگە ياكى شىمالدىكى غەربىي ھىن-دىستان تاقىم ئاراللىرىغا ۋە ياكى ئىسپانىيىگە بېرىۋا-لالايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنەتتىم.

مەن ھېلىقى ئىسپانىيىلىك ۋە قېرى ياۋايى ئادەم-نى، يەنى جۇمەنىڭ دادىسىنى قۇرۇقلۇقتا قانداق ئەھۋال بارلىقىنى كۆرۈپ كېلىشكە ئەۋەتتىم.

مەن يەنە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن تاپانچا ھەم ئوق ـ دورىلارنى بەردىم. ئۇلارغا ئوق ـ دورىلارنى ئىمكان-قەدەر تېجەپ ئىشلىتىشنى، ھالقىلىق پەيت كەلمىگۈچە ئىشلەتمەسلىكنى تاپىلىدىم.

بۇ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان خىزمەت ئىدى.

چۈنكى بۇ، 27 يىلدىن بۇيان ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قوللانغان تۇنجى قېتىملىق تەدبىر ئىدى. مەن ئۇلارغا نۇرغۇن بولكا ۋە قۇرۇق ئۈزۈملەرنى بەردىم. بۇ ئۇلارنىڭ بىرنەچچە كۈن ئوزۇقلىنىشىغا ھەم ئىسپانىيىلىكلەر-نىڭ يەتتە ـ سەككىز كۈن ئوزۇقلىنىشىغا يېتەتتى. بىز ئۇلارنى ئامانلىق تىلەپ، يولغا سېلىپ قويدۇق. ئۇلار قايتىپ كەلگەندە، بىزگە كۆرسىتىدىغان بەلگىنى دېيىـ-شىۋالدۇق. شۇنداق قىلغاندا، ئۇلار قايتىپ كەلگەندە يىـ-راقتىنلا تونۇۋالغىلى بولاتتى.

ئۇلارنىڭ يولغا چىققان ۋاقتى دەل شامالنىڭ يۆنىـ-لىشىگە توغرا كەلگەندى. مۆلچەرىمچە، شۇ كۈنى 10 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى بىر كۈن ئىدى. مەن كۈننى خاتا خاتىرىلەپ قويغاچقا، ئېنىق كۈننى بىلەلمىگەنىدىم، ھەتتا يىلنىمۇ توغرا ياكى خاتا خاتىرىلىگەنلىكىمگىمۇ بىرنەرسە دېيەلمەيتتىم. لېكىن كېيىن مەن خاتىرىنى تەكشۈرسەم، يىلنى توغرا خاتىرىلەپتىمەن. ئۇلار كېتىپ سەككىزىنچى كۈنى تۇيۇقسىز كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى. بۇ ئىش شۇنداق غەلىتە، شۇنداق تۇيۇقسىز بولدىكى، تارىختىن بۇيان ئاڭلاپ باقمىغان ئىش بولۇشى مۇمكىن. ئۇ كۈنى مەن كەپەمدە شۇنداق تاتلىق ئۇخلا-ۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز جۇمە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەلدى ۋە: «خوجايىن، خوجايىن، ئۇلار كەلدى. ئۇلار كەلدى» دەپ ۋارقىرىدى. مەن دەرھال كارىۋاتتىن چۈشۈپ، بارلىق

خەتەرگە قارىماي كېيىممنى يېپىنچاقلاپ يۈگۈرۈپ چىقتىم. بۇ يەردە خەتەرگە قارىماي دېگەندە، قورالنىمۇ بىللە ئېلىۋالمىغانلىقىم كۆزدە تۇتۇلاتتى. بۇ نورمال ئادەتتىمگە پۈتۈنلەي خىلاپ ئىدى. مەن دېڭىزغا قاراپ ھەيران قالدىم. دېڭىزدا تۆت ـ بەش دېڭىز مىلى يىراقلىقتا بىر كېمىنى شامال قىرغاققا ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى.

ئارقىدىنلا مەن كېمىنىڭ قۇرۇقلۇق تەرەپتىن كەلمەي، بەلكى ئارالنىڭ ئەڭ جەنۇبىي تەرىپىدىن كەلگەنلىكىنى بايقىدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن جۇمەنى يېنىمغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا مەندىن ئايرىلماسلىقنى تاپىلىدىم. چۈنكى، بۇلار بىز كۈتكەن ئادەملەر ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ ھازىر دۈشمەن ياكى دوست ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

كېيىن مەن دەرھال ئۆيگە قايتىپ دۇربۇننى ئېلىپ، ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولدۇم. مەن شوتىنى يۆتكەپ تاغ ئۈستىگە چىقتىم. مەن دائىم بىرەر ئىشتىن خاتىرجەم بولالمىغاندا، بۇ تاغقا چىقىپ يىراقلارغا نەزەر سالاتتىم. مەن تاغقا چىقىپلا، بىر كېمىنىڭ بىزنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تەرىپىمىزدە توختىغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇ كېمە بىزدىن تەخمىنەن يەتتە ـ سەككىز كىلومېتىر يىراقتا بولۇپ، قىرغاقتىن ئەڭ كۆپ دېگەندە تۆت ـ بەش كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىدى. مەن قاراپلا ئۇنىڭ ئەنگلىيە كېمىسى

ئىكەنلىكىنى ھەم ئۇنىڭ شەكلىنىڭ ئەنگلىيىنىڭ ئۇ- زۇن پاراخوتىغا ئوخشاش ئىكەنلىكىنى بىلدىم. مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھېسسىياتىمنى سۆز بىلەن ئىپادىلەش قىيىن ئىدى. بىر تەرەپتىن، مەن بىر چوڭ كېمىنى كۆردۇم ھەمدە كېمىدىكىلەرنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىم، ئۆز ئادەملىرىم ئىكەنلىكىگە ئاساسەن ئىشەندىم. شۇڭا، ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. بىراق يەنە بىر تەرەپتىن، كۆڭلۈمدە بىر گۇمان پەيدا بولدى. مەن بۇ گۇماننىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بىر نەرسە مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. ئالدى بىلەن مەن بىر ئەنگلىيە كېمىسىنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەنلىكى ئۈس- تىدە ئويلاندىم. چۈنكى، بۇ يەر ئەنگلىيىنىڭ دۇنياۋى سودا ئالاقە يولى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى شامال ياكى يامغۇر يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ كېمىسىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىنى پەرەز قى- لىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا ئۇلار راستىنلا ئەنگلىيىلىكلەر بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كې- لىشىدىن خاتىرجەم بولغىلى بولمايتتى. چۈنكى، مېنىڭ بۇنداق ئوغرى ـ قاراقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغى- نىمدىن ئىلگىرىكىدەك تۇرمۇش كەچۈرگىنىم ياخشى ئىدى.


بەزىدە ئادەم ھېچقانداق خېيىمخەتەر بولمايدىغانلى- قىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن كۆڭلى يەنىلا ئىپادىلەپ

بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئەندىشىگە تولۇپ، ئۆز ـ ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ، شۇڭا، بۇنداق بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشقا ھەرقانداق ئادەم سەل قارىماسلىقى كې-رەك. ئىشقىلىپ بۇنداق ئىشلارغا ئازراق بولسىمۇ دىق-قەت قىلىدىغان ئادەملەردىن ئىنتايىن ئاز سانلىقلىرى بۇ خىل بېشارەتنى ئىنكار قىلسىمۇ، كۆپىنچىسى بۇ خىل بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنى قوبۇل قىلىدۇ. شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇ خىل بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇ-رۇش كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان دۇنيادىن كەلگەن، يەنى بۇ ئەرۋاھ ياكى پەرىشتە بىلەن بولغان ئالماشتۇرۇش. ئەگەر بۇ خىل بېشارەت بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ، خېيىمخەتەرگە دىققەت قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلسا، بۇ خىل بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ بىر دوستانە ئەلچىدىن كەلگەنلى-كىنى نېمە ئۈچۈن قىياس قىلمايمىز؟! بۇ ئەلچىنىڭ دەرىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى ئانچە مۇھىم ئەمەس، مۇ-ھىمى بۇ خىل بېشارەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشنىڭ ياخشى نىيەت بىلەن بېرىلگەنلىكىدە.

كەلگەنلەر قىرغاقتا چىققاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ دەرۋەقە ئەنگلىيىلىكلەر ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ھېچبول-مىغاندا، خېلى كۆپى ئەنگلىيىلىك ئىدى. بۇ مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە گوللان-دىيىلىككە ئوخشايدىغان ئىككى ئادەم بار ئىدى، لېكىن كېيىن ئۇلارنىڭ گوللاندىيىلىك ئەمەسلىكىنى بىلدىم.

بۇلار جەمئىي 11 ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۈچىسى قورال ئالمىغانىدى. كېمە قىرغاققا بارغاندا، تۆت ـ بەش ئادەم ئالدى بىلەن سەكرەپ قىرغاققا چىقتى، ھېلىقى ئۈچىنى بولسا كېمىدە قالدۇرۇپ قويدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىرسى قوللىرىنى شىلتىپ، كۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا تاشلاپ، ئىنتايىن ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا باشقىلارغا يېلىناتتى. قالغان ئىككى ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ، ناھايىتى بىچارە قىياپەتتە تۇراتتى. ئەمما ھېلىقى ئادەمدەك ھاياجانلانمىغانىدى.

بىردەملىك جەڭدىن كېيىن جۇمە بىلەن مەن بۇ ئۈچ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇۋالدۇق. پاراڭلىشىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ كېمە باشلىقى، كېمە باشلىقىنىڭ ياردەمچىسى ۋە يولۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. كېمە باشلىقىنىڭ قول ئاستىدىكىلەر يۈز ئۆرۈپ، بۇ پاراخوتنى ئىگىلىۋالغان ئىكەن.



# توققۇزىنچى باب

بىز كېمە بۇلاش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق. تولۇق قورال-لانغان جۇمە ۋە ئۈچ نەپەر يېڭى ياردەمچى بىلەن بىرلىكتە، ئاسىيلىق قىلغان ماتروسلارنى مەغلۇپ قىلىپ پاراخوتنى قايتۇرۇۋالدۇق، ئۇرۇش ئىنتايىن كەسكىن ۋە قالتىس بولدى. بۇ توغرۇلۇق ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار.

كاپىتاننىڭ كېمىنى دەريا بويىغا ھەيدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. چۈنكى مەن خەتەردىن قۇتۇلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەنىدى، ھەممە ئىشلار ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى، بۇ كېمە مېنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆزۈم خالىغان يەرگە ئاپىرىپ قويالايتتى. مەن بىرھازاغىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالمىدىم. ئەگەر كاپىتان مېنى قۇچاقلىۋالمىغان، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋالمىغان بولسام، ئاللىبۇرۇن ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتىم.

ئۇ مېنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكىنىمنى كۆرۈپ، يانچۇقىدىن بىر دانە بوتۇلكا ئاچقۇچنى چىقىرىپ، مەن ئۈچۈن ئالاھىدە ئېلىپ كەلگەن روھلاندۇرۇش ھا-

رىقىدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچكۈزدى، مەن ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتىم. بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئاندىن ئاغزىم گەپكە كەلدى.

مەن ئۆزۈمنىڭ شاپائەتچىم بولغان كاپىتاننى چىڭ قۇچاقلىدىم. بىز چەكسىز شادلىققا چۆمدۇق. مەن ئۇنىڭغا ئۇنىڭ تەڭرى ئەۋەتكەن شاپائەتچىم ئىكەنلىكىنى، بۇ ئىشنىڭ باشتىن-ئاخىر مۆجىزىلەر بىلەن تولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىم. بۇ بىر قاتار ئىشلار ئادەتتىن تاشقىرى بىر كۈچنىڭ پۈتۈن دۇنيانى كونترول قىلىدىغانلىقىنى، تەڭرىنىڭ ھەرقانداق يەردە مەۋجۇت بولۇپ، ھەرقانداق جايدىكى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرالايدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ خالىسىلا، ھەرقانداق ۋاقىتتا بەختسىز ئادەملەرنى قۇتۇلدۇرالايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

مەن ئەلۋەتتە تەڭرىگە چىن كۆڭلۈمدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرۈشنى ئۇنتۇمىدىم. بۇنداق ئىنس-جىن بولمىغان كىچىك ئارالدا، يالغۇزلۇق ئىچىدىمۇ ئاچ قالماي، يېمەك-ئىچمەككە ئېرىشكەنلىكىم ھەمدە نۇرغۇن قېتىم بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ، ئامان قالغانلىقىمنىڭ ئۆزى تەڭرىنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى، تەڭرى ئۆز بەندىلىرىگە نېمىدېگەن مېھرىبان-ھە! كىم ئۇنىڭغا چىن كۆڭلىدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرمەي تۇرالىسۇن؟ مەن ھېلىقى توپىلاڭ كۆتۈرگەنلەرنى ئۆلتۈرمەي، شۇ ئارالدا قويۇپ قويدۇم. ئۇلار مەن بەرپا قىلغان ماكاندا

ئۆزلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىنى باشلىيالايدۇ.

1686 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، مەن 27 يىل 2 ئاي 19 كۈننى ئۆتكۈزگەن بۇ ئارالدىن ئاخىر ئايرىلىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ، ئەنگلىيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتىم. ئەلۋەتتە، دوستۇم جۇمەنىمۇ ئۆزۈم بىلەن بىللە ئېلىۋالدىم.

مەن بۇ كېمىدە يېرىم يىلغا يېقىن دېڭىز سەپىرى قىلغاندىن كېيىن، 1687 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ئاخىر ئەنگلىيىگە يېتىپ كەلدىم. ھېسابلاپ باقسام، دۆلىتىمدىن ئايرىلغىنىمغا 35 يىل بوپتۇ.

مەن ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممە ئادەم ماڭا خۇددى مەن ئەزەلدىن ئەنگلىيىدە تۇرۇپ باقمىغاندەك، چەت ئەللىكتەك مۇئامىلە قىلىشتى.

كېيىن مەن يورك شەھىرىگە باردىم. دادام ئاللىقاچان قازا قىلغان بولۇپ، ئانام ۋە ئائىلىمىزدىكى بىر-مۇنچە كىشىلەرمۇ ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغانىدى. پەقەت ئىككى سىڭلىم بىلەن ئاكامنىڭ ئىككى بالىسىنىلا تاپالىدىم، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى مېنى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتتى دەپ قارىغاچقا، ماڭا ھېچقانداق مىراس قالدۇرماپتۇ. قىسقىسى، مەن ھېچقانداق ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشەلمىدىم. يېنىمدىكى ئازراق پۇل بىلەن ئىگىلىك تىكلىيەلىشىم قەتئىي مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇشۇنداق قىيىنچىلىقتا قالغان ۋاقتىمدا، بىر ئا-

دەمنىڭ مېنىڭ قىلغان ياخشىلىقىمغا جاۋاب قايتۇرۇ-شنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدىم. مەن كېمە ۋە ماللىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېلىقى كاپىتان، مېنىڭ ئۇلارنى قانداق قۇتۇلدۇرۇۋالغانلىقىمنى كېمە ئىگىلىرى-گە تەپسىلىي سۆزلەپ بەرگەن ئىكەن، ئۇلار مېنى ئۆز-لىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك سودىگەرلەر بىلەن كۆرۇ-شۇشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇلار مېنىڭ بۇ ئىشىمنى ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ، ماڭا 200 فوندستېر-لىڭ بېرىپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۇردى.

مەن ھازىرقى ئەھۋالىم ئۈستىدە قايتا ـ قايتا ئويـ-لىنىپ، ئۆزۈمنىڭ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشۈمنىڭ قىيىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن لىسبونغا بېرىپ، برازىلىيىدىكى ئېكىنزارلىقىمنىڭ ۋە ھېلىقى شېرىكلەشكەن پايچىكىنىڭ خەۋىرىنى ئېلىش قارارىغا كەلدىم. مەن ئۇ پايچىكىنىڭ مېنى ئاللىبۇرۇن ئۆلۈپ كەتتى دەپ يۇرتىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم.

مەن ئۈمىد بىلەن لىسبونغا بارىدىغان كېمىگە چىقتىم. ئىككىنچى يىلى 4 ـ ئايدا ئۇ يەرگە يېتىپ باردىم. مەن ئۇيان ـ بۇيانغا چېپىپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا جۇمە باشتىن ـ ئاخىر مەن بىلەن بىللە بولدى، ئۇ ئىنتايىن راستچىل، ۋاپادار بولۇپ، ئۆزىنىڭ ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق ۋاقىتتا مېنىڭ ئەڭ سادىق چاكىرىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

لىسبوندا مەن كونا دوستۇمنى، يەنى ئافرىقا دېڭىز يۈزىدە مېنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھېلىقى پورتۇگالىيىلىك كاپىتاننى تاپتىم، بۇ مېنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەتتى. كاپىتاننىڭ يېشى ھازىر بىر يەرگە بېرىپ قالغان بولۇپ، ئالىلىبۇرۇن دېڭىزغا چىقماس بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ماڭا ياردەملىشىپ، مېنىڭ ئېكىنزارلىقىمنى ۋە باشقا مال ـ مۈلۈكلىرىمنى تېپىشىپ بەردى، بۇ كىرىم ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

ھازىر مەن شۇنداق دېيەلەيمەنكى، تەڭرى ماڭا بۇرۇنقىدىنمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى.

مەن بىردىنلا 5000 فوندستېرلىڭغا ئىگە بايغا ئايلاندىم. ئۇنىڭدىن باشقا، برازىلىيىدە بىر كىشىلىك مال ـ مۈلكۈم بار بولۇپ، يىلىغا 1000 فوندستېرلىڭدىن ئارتۇق كىرىم قىلاتتىم. ئۇ مېنىڭ ئەنگلىيىدىكى تەئەللۇقاتىمغا ئوخشاش ئىشەنچلىك ئىدى.

ھازىر قىلىدىغان تۇنجى ئىشىم، مېنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى شاپائەتچىم بولغان پورتۇگالىيىلىك كاپىتانغا جاۋاب قايتۇرۇش ئىدى. مەن قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان چېغىمدا، ئۇ ماڭا ئىنتايىن مېھرىبانلىق كۆرسەتكەن ھەمدە ماڭا 100 دانە پورتۇگالىيە تىللاسىنى سوۋغا قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ باشتىن ئاخىر ماڭا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن سەمىمىي مۇئامىلە قىلدى. مەن ئۆزۈم ئېرىشكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا

كۆرسەتتىم. مەن ئۇنىڭغا ھازىرقى كونۇمىنىڭ تەگرىنىڭ ئىرادىسىدىن قالسىلا ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن قولغا كەل-گەنلىكىنى ئېيتتىم.

ھازىر مېنىڭ ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇر-غۇدەك قۇدرىتىم بار، شۇڭا ھەسسىلەپ قايتۇرۇشۇم كېرەك. مەن ئاۋۋال ئۇنىڭ ماڭا بەرگەن 100 پورتۇگالىيە تىللاسىنى قايتۇرۇپ بەردىم. ئاندىن كېيىن بىر ھاۋا-لىچى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە ھاۋالىنامە يازدۇردۇم. ئۇنىڭغا كاپىتاننىڭ مېنىڭ ئېكىنزارلىقىمى-نىڭ ئۆمۈرلۈك باشقۇرغۇچىسى ئىكەنلىكى، شېرىك پايچىنىڭ كىرىم-چىقىم ھېساباتىنى ئۇنىڭغا چوقۇم دوكلات قىلىپ تۇرۇشى كېرەكلىكى ھەمدە ماڭا تې-گىشلىك كىرىمنى برازىلىيە بىلەن لىسبون ئارىلىقىدا قاتناپ تۇرىدىغان كېمە ئەترىتىدىكىلەر ئارقىلىق ئۇ-نىڭغا يەتكۈزۈپ تۇرىدىغانلىقىم يېزىلدى، ھاۋالىنامىنىڭ ئاخىرىغا، كاپىتان ھايات ۋاقتىدا ھەر يىلى ئۇنىڭغا ئۆز كىرىمىدىن 100 پورتۇگالىيە تىللاسى بېرىش، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ پەرزەنتىگە يىلدا 50 پورتۇ-گالىيە تىللاسى بېرىپ تۇرۇش يېزىلدى. شۇنداق قى-لىپ، مەن بۇ مويسىپىتنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قاي-تۇرغان بولدۇم.

ئەمدى مەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش-ھەرىكى-تىمنى ھەمدە تەگرىنىڭ ماڭا بەرگەن مال-

مۈلۈكلىرىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇشۇم كېرەك. قاقاس ئارالدىكى يالغۇزلۇق ھاياتىمغا سېلىشتۇرغاندا، ھازىر مېنىڭ باش قاتۇرىدىغان ئىشىم تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتتى. مېنىڭ مال - مۈلكۈمنى ئېلىپ، ئەنگلىيىگە قايتىشتىن باشقا ئامالىم قالمىدى.

# ئونىنچى باب

دەسلەپتە بىز قۇرۇقلۇقتىن مېڭىشنى قارار قىلدۇق.

شۇنىڭ بىلەن، 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، مەن ۋە سەپەرداشلىرىم يولباشچىمىزغا ئەگىشىپ فامپىلونادىن يولغا چىقتۇق. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئالدىغا ماڭماستىن، بەلكى بىزنى باشلاپ ئارقىغا ماڭدى. بىز مادرىدتىن كەلگەن يول بىلەن يەنە ئارقىمىزغا قايتتۇق. تەخمىنەن 20 ئىنگلىز مىلىدىن كۆپرەك ماڭغاندىن كېيىن، ئىككى دەريادىن ئۆتۈپ، تۈزلەڭلىككە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ئىللىق بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل ئىدى، ئازراقمۇ قار كۆرۈنمەيتتى. لېكىن، يولباشچىمىز تۇيۇقسىز سول تەرەپكە بۇرۇلۇپ، باشقا بىر يول بىلەن بىزنى تاغلىق رايونغا باشلاپ ماڭدى. بۇ يول پۈتۈنلەي ئېگىز تاغ چوققىلىرى، تىك يار، چوڭقۇر ھاڭ بولۇپ، قارىسىلا ئادەمنى سۈر باساتتى.

بىراق، يولباشچىمىز ئۇيان ـ بۇيان چۆرگىلەپ، ئەگرى ـ توقايلىقلاردىن ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىزنى باشلاپ سەزدۈرمەيلا ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىدىن ئۆتتى. يولدا

قار ـ بورانىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىمىدۇق. تۇيۇقسىز ئۇ بىزگە «ئاۋۇ ياقىقا قاراڭلار» دېدى. بىز مەنزىرىسى، بايلىقى مول لانگېدو ئۆلكىسى بىلەن گاسكونى ئۆلكىسىنى كۆردۇق. ئۇ يەر دەل ـ دەرەخلىرى بۇك ـ باراقسان يېشىللىزارلىق بولۇپ، بۇ يەردىن خېلىلا يىراقتا ئىدى. بىز ئەگرى ـ بۈگرى تاغ يوللىرىنى بېسىپ، تەسلىكتە ئۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق.

بىراق، بىزنى ئەندىشىگە سالغىنى شۇكى، بۇ ۋاقىتتا قاتتىق قار يېغىپ كەتتى. بۇ قار توپتوغرا بىر كېچە ـ كۈندۈز ياغقاچقا، يول مېڭىشقا ئامالسىز قالدۇق. يولباشچىمىز بىزگە «خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇزاققا قالماي بۇ يەردىن كېتىمىز» دېدى. ئەمەلىيەتتە، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تاغدىن چۈشۈپ، بارغانسېرى شىمالغا قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلغاندۇق. شۇڭلاشقا، بىز يولباشچىمىزغا ئەگىشىپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق.

قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىككى سائەت ئىلگىرى، يولباشچىمىز بىزدىن يىراقلاپ كەتكەنىدى. بىز ئۇنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدۇق. تۇيۇقسىز سول تەرەپتىكى ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ئويمانلىقتىن ئۈچ چىلبۆرە چىقتى، ئىككى بۆرە يولباشچىمىزغا ئېتىلدى. ئەگەر ئۇ بىزدىن يەنە يىراقلاپ كەتكەن بولسا، ئۇنى ئاللىقاچان بۆرىلەر يەۋېتەتتى، بىزمۇ ئۇنى قۇتۇلدۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەيتتۇق. بەختكە يارىشا، جۇمە دەل مېنىڭ

قېشىمدا ئىدى. ئۇ دەرھال ئاتنى تېزلىتىپ، يولباشچىمىزنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ مىلتىقىنى ئېلىپ، ھېلىقى بۆرىنىڭ بېشىنى چەنلەپ ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

بىچارە يولباشچىمىزنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، چۈنكى ئۇ جۈمەگە ئۇچراپ قالدى، جۈمە ئۆز يۇرتىدا ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەچكە، بۆرىدىن قىلچە قورقمىدى. ئۇ تەمتىرىمەي بۆرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىر پاي ئوق بىلەنلا ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. ئەگەر باشقىلار بولغان بولسا، بۆرىگە ئۇچرىلىك يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى، يىراقتىن ئوق ئاتقاندا، بۆرىنى ئەمەس، بەلكى ئادەمنى ئېتىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى.

ماڭا ئوخشاش يۈرەكلىك ئادەممۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتىم.

راستىنى ئېيتقاندا، بىز ھەممىمىز قورققانلىقتىن جان ـ پىنىمىز چىقىپ كەتكەنىدى. چۈنكى جۈمە ئاتقان مىلتىقنىڭ ئاۋازى بىلەن تەڭ، بىز ئىككى تەرەپتىكى بۆرە توپىنىڭ ئېچىنىشلىق ھۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى بىلەن تاغ جىلغىسىدىكى ئەكس سادا بىرلىشىپ، خۇددى نەچچە مىڭلىغان بۆرە ھۇۋلىغاندەك ئاڭلىناتتى. بۆرىلەر ھەقىقەتەن بىرنەچچىلا ئەمەس ئىدى، بولمىسا بىزمۇ ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتمىگەن بولاتتۇق.

جۇمە ھىلىقى بۆرىنى ئاتقىلى بارغاندا، يەنە بىر بۆرە ئاتنى چىلاڭ چىشلىۋېلىپ قويۇپ بەرمىگەنىدى. جۇمە بۆرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن، ئۇمۇ ئاتنى قويۇۋېتىپ قېچىپ كەتتى. بەختكە يارىشا، بۇ بۆرە ئاتنىڭ باش تەرىپىنى چىشلىگەن ئىكەن، ئاتنىڭ تىزگىنىدىكى تۆمۈر چەمبىرەك بۆرىنىڭ چىشىنى قىسىۋالغاچقا، ئات ھېچقانداق زەخىمگە ئۇچرىماپتۇ، لېكىن يولباشچىمىزنىڭ يارىسى ئېغىر ئىدى. چۈنكى ئۇ ۋەھشىي ھايۋان ئۇنىڭ ئىككى يېرىنى — مۈرىسى بىلەن تىزىنى چىشلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جۇمە ئالدىدىكى بۆرىنى ئۆلتۈرگەن ۋاقىتتا، ئۈركۈپ كەتكەن ئات يولباشچىمىزنى يىقىتىۋەتكىلى تاس قالغانىدى.

جۇمە يولباشچىمىزنىڭ جېنىنى قۇتۇلدۇردى. بىز ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇ يولباشچىمىزنى ئاتتىن چۈشۈرۈۋاتقان ئىكەن، چۈنكى يولباشچىمىز يارىلانغاندىنمۇ كۆرە بەكرەك قورقۇپ كەتكەنىدى. دەل شۇ چاغدا، تۇيۇقسىز بىر ئېيىق دەرەخلىكتىن چىقىپ كەلدى، بۇ ئېيىق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ھاياتىمدا كۆرگەن ئەڭ چوڭ ئېيىق ئىدى. بىز ئېيىقنى كۆرۈپلا ئالاقزادە بولۇپ كەتتۇق، بىراق جۇمە ئېيىقنى كۆرۈپ ئەكسىچە خۇشال بولۇپ روھلىنىپ كەتتى. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ۋارقىرىدى ھەم ماڭا ئېيىقنى كۆرسىتىپ: «خوجايىن، رۇخسەت قىلىڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ

باقاي، سىلەرنى بىر خۇش قىلىۋېتەي» دېدى. مەن بۇ يىگىتنىڭ بۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم ۋە كۈتۈلمىگەن ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرەپ: «ئەخمەقلىق قىلما! ئۇ سېنى يەۋېتىدۇ» دېدىم. «مېنى يەۋېتىدۇ؟! مېنى يەۋېتىدۇ؟!» جۇمە بۇ گەپنى ئىككى قېتىم تەكرارلىدى: «مەن ئۇنى يەۋېتىمەن! مەن سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلارنى ئېچىپ قوياي، ھەممىڭلار تەييار تۇرۇڭلار!» ئۇ شۇنداق دېگىنىچە يەردە ئولتۇرۇپ، ئۆتۈكىنى سېلىپ ئادەتتىكى بىر ئاياغنى كىيدى. بۇ بىر خىل تېرە چەملىك ئاياغ ئىدى. ئۇ ئاتنى چاكارغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، مىلتىقنى ئېلىپ شامالدەك يۈگۈرۈپ كەتتى.

ئېيىق ئالدىغا قاراپ ئاستا كېتىۋاتقان بولۇپ، قارىماققا بىزگە چېقىلمايدىغاندەك قىلاتتى. بىراق جۇمە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، خۇددى گېپىنى بىلىدىغاندەك ئېيىق بىلەن سالاملاشتى. ئاندىن: «قۇلاق سال، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن» دېدى. بىز يىراقتىن ئۇلارغا ئەگىشىپ ماڭدۇق.

جۇمە ھېلىقى ئېيىقنى قوغلاپ، ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشقىلى تۇردى. بىراق بىر ئوبدان ئۆز يولىغا كېتىۋاتقان ئېيىقنى جۇمە خۇددى سېرك ئارتىسلىرىدەك كولدۇرلاتقىلى تۇرۇۋىدى، بىزمۇ خۇشال بولۇپ بىرھازا كۈلدۇق.

قاراڭغۇ چۈشكىلى ئاز قالدى، بىزمۇ بۇ يەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدۇق، جۈمەنىڭ خىيالچە بولغاندا، ھېلىقى ئېيىقنىڭ تېرىسىنى سويۇۋالساق بولاتتى. ئۇ ناھايىتى كۆپ پۇلغا يارايتتى، لېكىن بىز يەنە توققۇز ئىنگلىز مىلى يول مېڭىشىمىز كېرەك ئىدى. يول باشلىغۇچىمۇ بىزنى تېز مېڭىشقا ئۈندەيتتى، بىز ئامالسىز ئېيىقنى قويۇۋېتىپ، يولغا راۋان بولدۇق.

يولباشلىغۇچى بىزگە: «بىز يەنە بىر خەتەرلىك جايدىن ئۆتىمىز. ئەگەر بۇ ئەتراپتا بۆرە بولۇپ قالسا، بىز چوقۇم ئاشۇ جايدا ئۇچرىتىمىز. ئۇ كىچىك تۈزلەڭلىك، تۆت ئەتراپى ئورمانلىق، ئورمانلىقتىن كېسىپ ئۆتمەكچى بولساق، ھەم ئۇزۇن، ھەم تار ئورمان يولىدا مېڭىشىمىز كېرەك، ئاندىن بىز قونماقچى بولغان يېزىغا يېتىپ بارالايمىز» دېدى.

دەرۋەقە، بىزگە بۆرە توپى ئاۋارىچىلىك سالدى.

قاراڭغۇ چۈشۈۋاتاتتى، قۇياش نۇرى سۇسلىشىۋاتاتتى، يىرتقۇچلارنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى بارغانسېرى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بىز ناھايىتى ئوڭايلا قايسىسى چىلبۆرە ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈۋالالايتتۇق. تۇيۇقسىز ئىككى-ئۈچ توپ بۆرە پەيدا بولدى. بىر توپى بىزنىڭ سول تەرىپىمىزدە، بىر توپى كەينىمىزدە، يەنە بىر توپى بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇراتتى. ئۇلار ئالدىقاچان بىزنى قورشىۋالغاندەك قىلاتتى. بىز بۆرىلەرنىڭ بىزگە

ھۇجۇم قىلماي، ئەكسىچە ئاتلارنى ئالدىغا سۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق، يولدا مېڭىش ناھايىتى تەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئاتنى يەنىلا ئىتتىك ماڭدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى. قاچا ـ قاچا، يىراقتىن ئورمانلىقنىڭ بىر كىرىش ئېغىزىنى كۆردۇق. بىز بۇ ئورمانلىقنى كېسىپ ئۆتكەندىلا، ئاندىن تۇزلەڭلىكنىڭ چېتىگە يېتىپ بارالايتتۇق، بىز بۇ ئورمانلىقتىكى چىغىر يولغا كىرگەن چاغدىلا، يول ئېغىزىدا ناھايىتى كۆپ بۆرىلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقىدۇق، بۇ ئەھۋال بىزنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى.

تۇيۇقسىز، ئورمانلىقنىڭ يەنە بىر كىرىش ئېغىزىدا بىر پاي ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. سول تەرەپتىن بىر ئاتنىڭ ئېتىلىپ چىقىپ، شامالدەك ئالغا قاراپ چېپىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. ئات ئۈستىدىكى ئېگەر ۋە قامچىلار پۈختا چىگىلگەن بولۇپ، ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىغانىدى. بۇ چاغدا 16 ـ 17 بۆرە ئاتنىڭ كەينىدىن ئۇچقاندەك قوغلاپ كەلدى. ئەلۋەتتە، ئات بۆرىدىن تېز يۈگۈرىدىغان بولغاچقا، بۆرە خېلىلا كەينىدە قالغانىدى. لېكىن ئاتنىڭ ئۆزاققىچە بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشى تۇرغان گەپ. ئېنىقكى، بۆرە توپى ئاتقا چوقۇم يېتىشىۋالىدۇ.

دەل شۇ ۋاقىتتا، بىز يەنە بىر قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كۆردۇق. بىز ئات قېچىپ چىققان ھېلىقى يول

ئېغىزىغا يېقىنلاشقاندا، بىر ئات ۋە ئىككى ئادەمنىڭ سۆڭەكلىرىنى كۆردۇق، بۇلارنىڭ بۆرىگە يەم بولغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئارىسىكى بىر ئادەمنىڭ ياتقان يېرىدە بىر تاپانچا تۇراتتى. بايىقى ئوق ئۈزگەن كىشى چوقۇم مۇشۇ ئادەم بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ بېشى ۋە بەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپى ئاللىبۇرۇن بۆرىگە يەم بولغانىدى.

بۇ ئېچىنىشلىق ھالەتنى كۆرۈپ، بەدەنلىرىمىزگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. بىز نېمە قىلىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق.

لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي، بۇ بىر توپ يىرتقۇچ ھايۋان بىزنىمۇ ھەرىكەت قوللانمىساق بولمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇ چاغدا بۆرە توپى بىزنى ئالدىمىزغا قورشىۋالغانىدى. مېنىڭچە، بۇ بۆرىلەر 300 دەك چىقاتتى. ھېلىمۇ ياخشى، بۇ يەر ئورمانلىقنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يېقىن بولۇپ، ئۇ يەردە بىر دۆۋە ياغاچ دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. بۇ ياغاچلار ئېھتىمال يازدا كېسىلىپ، يۆتكەپ كېتىش ئۈچۈن دۆۋىلەپ قويۇلغان بولسا كېرەك، بۇ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزگە ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. مەن ئەترىتىمدىكىلەرنى ۋە ئاتلارنى ھېلىقى دۆۋىلەكلىك ياغاچلار ئارقىسىغا ئېلىپ كەلدىم.

بىز بۇ ياغاچلارنى توسۇق قىلىپ، بۆرە بىلەن ھاياتـ ماماتلىق جەڭ قىلدۇق.

بىز جەمئىي 60 تىن كۆپ بۆرىنى ئېتىپ

ئۆلتۈردۇق، ئەگەر كۈندۈز بولغان بولسا، ئېھتىمال تې-
خىمۇ كۆپ بۆرىنى ئۆلتۈرۈشىمىز مۇمكىن ئىدى.
«دۈشمەنلەرنى» يوقىتىپ بولۇپلا يولىمىزغا راۋان بول-
دۇق. بىز يەنە ئۈچ ئىنگلىز مىلى يول مېڭىشىمىز
كېرەك. يولدا نەچچە قېتىم ئاچ بۆرىلەرنىڭ ئورمانلىقتا
ھۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدۇق. بەزىدە، بىرنەچچە بۆ-
رىنىڭ قارىسى كۆزىمىزگە چېلىققاندەك قىلاتتى، لې-
كىن قارىنىڭ نۇرى كۆزىمىزنى چېقىپ، ئېنىق جەزم-
لەشتۈرەلمىدۇق. تەخمىنەن يېرىم سائەتتىن كېيىن بىز
ئالدىن بەلگىلەنگەن قونالغۇغا يېتىپ كەلدۇق، ئۇ يەرگە
بارغاندىن كېيىن، بىز ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئىنتا-
يىن قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ھەمدە قوراللىنىۋالغانلى-
قىنى كۆردۇق. ئەسلىدە تۈنۈگۈن كېچە، بىرنەچچە بۆرە
ۋە ئېيىق كەنتكە باستۇرۇپ كىرىپ، كىشىلەرنى قور-
قۇتۇۋەتكەن ئىكەن، شۇڭا ئۇلار ئامالسىزلىقتىن كېچىچە
ئۇخلىماي چارۋا ـ ماللارنى، بولۇپمۇ ئاھالىنىڭ بىخە-
تەرلىكىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىۋېتىپتۇ.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، يولباشچىمىزنىڭ يارد-
سى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، ئۇنىڭ يارا ئېغىزى
يىرىڭداپ، پۇت ـ قوللىرى ئىششىپ كەتكەنلىكتىن،
يولغا چىقىشقا ئامالسىز قالدۇق. شۇڭا، بىزنى تولۇسقا
ئاپىرىدىغان يېڭى بىر يولباشچى ياللىۋالدۇق. ئۇ يەر
ھاۋاسى ئىللىق، بايلىقى مول، مەنزىرىسى گۈزەل، قارمۇ

يوق، بۆرە، ھەتتا باشقا يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ يوق يەر ئىدى. بىز تۇلۇسلىقلارغا كەچۈرمىشلىرىمىزنى سۆزلەپ بەرگىنىمىزدە، ئۇلار بىزگە تاغ ئاستىدىكى چوڭ ئورمانلىقتا بۆرىگە ئۇچراپ قېلىش ئادەتتىكى ئىش، بولۇپمۇ پۈتۈن زېمىننى قار قاپلىغان چاغدا بۆرىلەرمۇ توپ ـ توپى بىلەن پەيدا بولىدۇ، دېدى.

مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى خەتەرگە يولۇقۇشۇم ھاياتىمدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىشلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇ ۋاقىتتا، مەن 300 نەچچە بەتبەشىرە يىرتقۇچنىڭ ھۇۋلاپ بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردۇم، ئۇلار ئاشۇ يوغان ئېغىزلىرى بىلەن بىزنى بىر يالماپلا يۇتۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى، ئەمما بىزنىڭ يوشۇرۇنىدىغان ۋە چېكىنىدىغان ھېچقانداق يېرىمىز يوق ئىدى، بىز پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق، دەپ ئويلىدىم. راستىنى ئېيتقاندا، شۇنىڭدىن باشلاپ تاغلارغا چىقىشتىن پۈتۈنلەي ۋاز كەچتىم، مېنىڭچە قاقاس تاغلىقتا يۈرگەندىن، دېڭىزدا 300 دېڭىز مىلى يۈرۈپ، ھەپتىدە بىر قېتىم بوران ـ چاپقۇنغا ئۇچرىغىنىم ياخشىراق ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ بۇ زىمىستان قىشنى ساياھەت بىلەن ئۆتكۈزدۇم.

ھازىر مەن ساياھىتىمنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسىغا يېتىپ كەلدىم، قىسقىغىنە بىرنەچچە كۈن ئىچىدە،

بىرنەچچە پارچە يىرىتىۋەتكەن چىشكىنىسى نەق پۇلغا تېگىشىشۇالدىم. مەن يېڭى ئېرىشكەن مال - مۈلۈكلەرنى بىخەتەر ھالدا قولۇمغا تەگدى.

مەن برازىلىيىدىكى ئېكىنزارلىقىمنى سېتىۋەتمەكچى بولۇپ، لىسبوندىكى قەدىناس دوستۇمغا بىر پارچە خەت يازدىم.

ئۇ جاۋاب خېتىدە ماڭا، ئېكىنزارلىقنى ئاسانلا سېتىۋېتەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئەگەر ئۇنىڭ بۇ ئىشنى بېجىرىشىگە قوشۇلسام، مېنىڭ نامىمدا برازىلىيىدە تۇرۇشلۇق ھېلىقى ئىككى سودىگەرگە، يەنى ھېلىقى ئىككى ۋاكالەتچىنىڭ ئوغلىغا ئۇقتۇرىدىغان بولدى. ئۇلار شۇ يەردە تۇرۇشلۇق كىشىلەر بولغاچقا، ئېكىنزارلىقنىڭ قىممىتىنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ نۇرغۇن پۇلى بار ئىدى. شۇڭا، دوستۇم ئۇلارنىڭ خۇشاللىق بىلەن سېتىۋالىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇنداقلا، مېنىڭمۇ ئاز دېگەندە تۆت - بەش مىڭ پورتۇگالىيە تىللاسىنى ئارتۇق كىرىم قىلىدىغانلىقىمدىن گۇمانلانمايتتى. مەن ئۇنىڭ ئۇلارغا ئۇقتۇرۇشىغا قوشۇلدۇم، ئۇمۇ شۇنداق قىلدى.

تەخمىنەن سەككىز ئايدىن كېيىن، برازىلىيىگە باردىغان كېمە لىسبونغا يەنە قايتىپ كەلدى. ئۇ ماڭا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ مېنىڭ باھايىمغا قوشۇلغانلىقىنى ھەمدە 33 مىڭ پورتۇگالىيە تىللاسىنى لىسبوندىكى

ۋاكالەتچى ئارقىلىق ماڭا ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

مەن ئۇلارنىڭ لىسبوندىن ئەۋەتكەن يەر سېتىش خېتىگە قول قويدۇم، ھەمدە يەر سېتىش خېتىنى لىسبوندىكى ئاغىنەمگە ئەۋەتىۋەتتىم. ئۇ ماڭا 32 مىڭ 800 پورتۇگالىيە تىللاسى پېرېۋوت چېكىنى ئەۋەتتى. ئۇ شۇ يەرنى سېتىپ تاپقان پۇلۇم ئىدى. مەن يەنىلا ئىلگىرىكى ۋەدەمگە ئەمەل قىلىپ، تاكى ئۇ ۋاپات بولغانغا قەدەر ھەر يىلى بۇ مويسىپىتقا 100 پورتۇگالىيە تىللاسى ئەۋەتتىم ھەمدە ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلىغا تۇرمۇش راسخوتى ئۈچۈن ھەر يىلى 50 پورتۇگالىيە تىللاسى ئەۋەتىپ تۇردۇم، ئەسلىدە بۇ پۇلنى ئېكىنزارلىقنىڭ ھەر يىللىق كىرىمىدىن چىقىرىپ ئۇنىڭغا بېرىشكە ۋەدە قىلغانىدىم.

ھازىر مەن ھاياتىمدىكى ئامەتلىك ۋە تەۋەككۈلچىلىك كەچۈرمىشلىرىمنىڭ بىرىنچى قىسمىنى بايان قىلىپ بولدۇم. مېنىڭ بۇ ھاياتىم خۇددى تەڭرىنىڭ ماڭا ئاتا قىلغان نادىر ئەسىرىگە، كىشىلەر ئارىسىدا ئاز ئۇچرايدىغان ئاجايىپ ـ غارايىپ، تۇراقسىز، ئۆزگىرىشچان كەچۈرمىشلەرگە ئوخشايتتى. گەرچە دەسلەپتە مەن بىر ئەخمەق ـ ناداندەك تۇيۇلسامۇ، لېكىن ئاقىۋىتىم مېنىڭ كۈتكىنىمدىن كۆپ ياخشى بولدى.

ھازىر مېنىڭ تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ، بېشىمغا بەخت قۇشى قوندى دېسەم ئارتۇق كەتمەيدۇ. بۇنداق

ئەھۋال ئاستىدا، ھەرقانداق كىشى مېنى ئەمدى سىرتلارغا چىقىپ تەۋەككۈلچىلىك قىلمايدۇ دەپ ئويلايدۇ. ئەگەر كېيىنكى ئەھۋاللار يۈز بەرمىگەن بولسا، مەن ھەقىقەتەن ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئۆيدە راھەتتە ئۆت- كۈزگەن بولاتتىم. ئەمما ھازىر مەن كۆچمەن تۇرمۇشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىرىنچىدىن، تارتىشىدىغان ئائىلەم يوق؛ ئىككىنچىدىن، تۇغقىنىم يوق. گەرچە مەن باي بولغان بولساممۇ، ئانچە كۆپ ئا- غىنەممۇ يوق. مەن برازىلىيىدىكى ئېكىنزارلىقىمنى سېتىۋەتكەن بولساممۇ، يەنىلا دائىم ئۇ يەرنى سېغىنىد- مەن. كونا يۇرتۇمنى زىيارەت قىلىپ، يىراقلارغا سايا- ھەت قىلغۇم كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ئارالغا بېرىپ، ھېلىقى بىچارە ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئارالغا چىقالىغان - چىقال- مىغانلىقىنى، ئارالدا قالغان ئەبلەخلەرنىڭ ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى بەكمۇ بىلگۈم بار. بۇ ئار- زۇلىرىم بارغانسېرى كۈچىيىپ، مېنى زادىلا ئولتۇر- غۇزمىدى.

لېكىن، ئاغىنىلىرىم ماڭا يىراقلارغا ساياھەت قى- لىپ بارماسلىق توغرىسىدا ھە دەپ نەسىھەت قىلاتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەن توي قىلدىم.

بۇ تويىنى بەك كۆڭۈلدىكىدەك دېيىشكىمۇ ياكى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس دېيىشكىمۇ بولمايتتى. مېنىڭ ئۈچ بالام بولدى. ئىككىسى ئوغۇل، بىرى قىز، لېكىن

ئۆزۈن ئۆتمەي ئايالىم قازا قىلدى. بۇ ۋاقىتتا، جىيەنىم ئىسپانىيىدىن دېڭىز ساياھىتى قىلىپ قايتىپ كەلگەن ھەم زور پايدىغا ئېرىشكەن بولغاچقا، مېنىڭ دېڭىزغا چىقىش ئارزۇيۇم قايتىدىن كۆچىيىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جىيەنىم ساياھەت قىلىشقا قايتا-قايتا ئۈندە-دى، شۇڭا مەن خۇسۇسىي سودىگەر سالاھىيىتىم بىلەن ئۇنىڭ كېمىسىگە چىقىپ، شەرقىي ھىندى تاقىم ئا-راللىرىغا قاراپ يول ئالدىم. بۇ، 1694-يىلىدىكى ئىش ئىدى.

بۇ قېتىمقى دېڭىز سەپىرىدە ئۆزۈمنىڭ ئارىلىغا قايتىپ باردىم. ھازىر بۇ ئارال مېنىڭ يېڭى مۇستەم-لىكەم بولۇپ قالدى. مەن بۇ يەردە ئىز باسارلىرىمنى كۆردۈم، يەنى ھېلىقى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن كەلگەن ئىسپانىيىلىكلەرنىڭ ئارالدىكى تۇرمۇش ئەھۋالىنى ۋە مەن ئارالدا قالدۇرۇپ قويغان بىرنەچچە ئەبلەخنىڭ ئەھ-ۋالىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ بەش ئادەمنى قۇرۇقلۇققا ئەۋەتىپ قانداق قىلىپ 11 ئەر، بەش ئايالنى تۇتۇپ كەلگەنلىكىنى بىلدىم، شۇڭا مەن بۇ ئارالنى قايتا زىيارەت قىلغاندا، بۇ يەردە 20 نەچچە بالا پەيدا بولغانىدى.

مەن بۇ ئارالدا تەخمىنەن 20 كۈندەك تۇردۇم. ئۇلارغا كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى، بولۇپمۇ ئوق-دورا، كىيىم-كېچەك، قورال-ياراغ ھەمدە ئەنگلىيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئىككى ئىشچىنى، يەنى بىر ياغاچچى

بىلەن بىر تۆمۈرچىنى قالدۇرۇپ قويدۇم.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئارالدىكى زېمىننى ئۇلارغا تەقسىم قىلىپ بەردىم. ئۆزۈم بۇ ئارالنىڭ ئىگىلىك هوقۇقىنى ساقلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، يەرلەرنى ئۇلارغا بۆلۈپ بەردىم. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۇلارغا يەرلەرنىڭ تەۋەلىكىنى ئايرىپ بەردىم ھەم ئۇلارغا بۇ ئارالدىن كەتمەسلىكنى تاپىلاپ، ئۆزۈم كېتىپ قالدىم.

ئۇ يەردىن برازىلىيىگە بېرىپ، يەنە بىر قىسىم سەرگۈزەشتلەرنى بېشىمدىن كەچۈردۈم. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، شۇنداقلا كېيىنكى ئون نەچچە يىللىق خەتەرلىك كەچۈرمىشلىرىمنى بەلكىم كېيىن بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ قالارمەن.

# ئەسلىي ئەسەر ئۇستىدە تەھلىل

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتلىرى» قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى قىسىمدا، روبىنزوننىڭ ئۆيدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئۈچ قېتىملىق دېڭىز سەپىرى ۋە برازىلىيىدە ئېكىنزارلىق سودىسى بىلەن شۇغۇللانغانلىقى يېزىلىدۇ. ئىككىنچى قىسىمدا، روبىنزوننىڭ قاقاس ئارالدىكى تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بۇ پۈتۈن كىتابنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھەم جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۈچىنچى قىسىمدا، ئۇنىڭ ئەنگلىيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ھەر خىل قىسمەتلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلىنىدۇ.

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتلىرى» ئەنئەنىۋى رومانتىك ساياھەت خاتىرىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان بولۇپ، تېخىمۇ چوڭقۇرلۇقتا ۋە تېخىمۇ ئۆزگىچە جەزبىدارلىققا ئىگە، بۇنداق بولۇشى ئۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ساقلىنىپ ياتقان ئاشۇنداق يەككە ـ يېگانە ھالدا تېخى سىرى ئېچىلمىغان تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىشتەك ئېچىش ئىقتىدارى ۋە كۈرەش

قىلىش روھىنى قوزغىتالايدىغانلىقىدىن ئىبارەت.

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتلىرى» نىڭ ئەڭ چوڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى بولسا، دۇنيا ئەدەبىيات تارىخىدا بۇرژۇئازىيىنىڭ روبىنزوندەك تۈنجى ئىجابىي ئوبرازىنى — يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيە ۋە مۇستەملىكە-چىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتالىغانلىقىدىن ئىبارەت. روبىنزون دەۋرى بۇرژۇئازىيە ئىگىلىكى تەرەققىي تېپىۋاتقان مەز-گىل بولۇپ، بۇ مەزگىلدە يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇ-ئازىيە بايلىققا ئېرىشىش، يېڭى زېمىنغا ئىگە بولۇش، يېڭى خام ئەشيا بازىلىرى ۋە يېڭى بازارلارنى تېپىش ئۈچۈن ھەممىلا يەردە تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ، ئېگىل-مەس-سۇنماس روھىنى ئىپادىلىگەنىدى. بۇرژۇئازىيە-نىڭ بۇنداق ئىدىيىسى ۋە روھىي ھالىتى روبىنزوننىڭ ۋۇجۇدىدا تولۇق گەۋدىلەنگەن.

رومان باش قەھرىمانىنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قات-لىمىدىكى ئۇنى تىنچىتمايدىغان بىر خىل كۈچ ئۇنىڭدا قانائەت ھاسىل قىلدۇرمايدۇ، ئۇنى توختىماي كۈرەش قىلىشقا، ئالغا ئىنتىلىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. روبىنزون ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، تۇرمۇ-شى ئوتتۇراھال ۋە خاتىرجەم ئىدى. لېكىن ئۇ ئاددىي ھەم خاتىرجەم تۇرمۇشتىن بىزار بولۇپ، تەۋەككۈلچى-لىك قىلىپ چەت ئەلگە بېرىپ سودا قىلماقچى بولىدۇ. ئاتا-ئانىسىنىڭ نەسىھەتى ۋە دېڭىز سەپىرىدىكى خە-

تەرلىك قىيىنچىلىقلارمۇ ئۇنى توسۇپ قالالمايدۇ. ئۇ مورلارنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلغاندىن كېيىن، بىرا- زىلىيىدە بىرنەچچە يىل ئېكىنزارلىقلارنى باشقۇرىدۇ، ئەسلىدە شۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ ئائىلىسىنى گۈللەن- دۈرۈشكە بولاتتى. لېكىن ئۇ كۆز ئالدىدىكى راھەتلىك تۇرمۇشتىن ۋاز كېچىپ، تېخىمۇ چوڭ خەتەرگە تەۋەك- كۈل قىلىپ، يەنە دېڭىز سەپىرىگە چىقىدۇ. قاقاس ئا- رالغا بېرىپ قالغاندىن كېيىن، ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، ھې- رىپ ـ چارچىغىنىنى بىلمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ بازىسى- نى كېڭەيتىپ، ھالاكەت گىردابىدىن قۇتۇلۇپ، ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى قانداق بىر ئارزۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئاشقان؟ بۇ دەل دۇنيانى ئېچىش، دۇنيانى ئىگىلەش ئارزۇسىنىڭ تۈرتكىسىدە ئەمەلگە ئاشقان.

روبىنزوننىڭ دەۋرى دەل 18 ـ ئەسىردىكى يۈكسە- لىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىگىلىك يارىتىش دەۋرى بولۇپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازى- يىنىڭ ئېگىلمەي ـ سۇنماي ئالغا ئىلگىرىلەش روھى شۇ دەۋردىكى ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بىلەن شۇ- غۇللانمايدىغان، راھەت ـ پاراغەتتە تۇرمۇش كەچۈرىدىغان ئاقسۆڭەك ـ پومېشچىكلارغا سېلىشتۇرغاندا غايەت زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلار غايەت زور

ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ۋە ئىجتىمائىي بايلىق يارىتىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇگۈنكى كۈندىكى ئوقۇرمەنلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئەسىر ئۇلارغا ئىجتىمائىي تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ تۇرۇپ، روبىنزوننىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس كۈرەش قىلىش روھىنى ۋە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش جاسارىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇرىدۇ.

روبىنزوننىڭ كۈرەش قىلىش پرىنسىپى — «غەلىبە قىلمىغۇچە بوشاشماسلىق». دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنىڭ كۈچىگىلا تايىنىپ، كىچىك كېمە يوق شارائىت ئاستىدا چوڭ كېمىدىكى نەرسىلەرنى ئارالغا ئېلىپ چىقىش ناھايىتى مۇشكۈل ئىش ئىدى. ئەمما روبىنزون ئاكتىپ پىكىر يۈرگۈزۈپ چارە ئويلاپ تېپىپ، يۆتكىگىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەرنى يۆتكىۋالىدۇ. ئۇ: «مەن پۈتكۈل ھاياتىمدا ھېچقانداق سايمان ئىشلىتىپ باقمىغان، لېكىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزۈمنىڭ تىرىشىپ ئەمگەك قىلىشى ھەم يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىم ئارقىلىق، مەن سايمانلا بولىدىكەن ئۆزۈمنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغانلىقىمنى بارغانسېرى تونۇپ يەتتىم. شۇنداق دېگەنبىلەن، ھەتتا سايمان بولمىغان ھالەتتىمۇ مەن يەنىلا نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ياساپ چىقتىم»

دەيدۇ. بۇ ئۇنىڭ كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان چىدامچانلىقى ھەم قەيسەرلىكىنى يېگانە قاقاس ئارالدا تەڭرىدىن ئاغرىنماي، ئاكتىپلىق بىلەن چارە ـ ئاماللارنى ئويلاپ تېپىپ، ئۆزىنىڭ شارائىتىنى ياخشىلاپ، كەلگۈسىگە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قارىغانلىقىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. روبىنزوننىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ ئاخىر يېڭى زېمىننى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. ياردەمچى ۋە تەجرىبە بولمىسا، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە كۆپىنچە كۈچ بىكارغا كېتىپ، نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ. قېيىق ياسالغاندىن كېيىن، ئۇ چوڭ كېمە بىلەن قىرغاق ئارىلىقىنىڭ ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ئەگەر ئۆستەڭ چېپىپ قولۋاق بار يەرنى دېڭىزغا تۇتاشتۇرماقچى بولسا 12 يىل ۋاقىت كېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئىلاجىسىز ئۇنىڭدىنمۇ ۋاز كېچىدۇ. كېيىن قولۋاقنى دېڭىزغا چۈشۈرۈش بىرقەدەر قۇلاي بولغان جايدا دەرەخ كېسىپ قولۋاقتىن يەنە بىرنى ياسايدۇ، بۇنىڭغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئىككى يىل ۋاقىت كېتىدۇ. ئۇ بىر يەردىن ئاشلىق ئۇرۇقىنى تېپىۋېلىپ، يەرگە تېرىيدۇ، لېكىن تېرىش ۋاقتى توغرا كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بىر تالمۇ ھوسۇل ئالالمايدۇ ـ دە، يەنە قايتا تېرىيدۇ، بۇنىڭدىن خېلى ھوسۇل ئالىدۇ. بۇنداق بىر قاتار مەغلۇبىيەتلەر

ئالىدا ئۇ قىلچە ئۈمىدسىزلەنمەي، ھەمىشە تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىشنى قايتىدىن باشلايدۇ. ئاخىر ئۇنىڭ ئۆيى، چارۋىسى، ئاشلىقى، تاماق يەيدىغان قاچا ـ قۇچىلىرى، تېرىيدىغان ئېكىنزارلىقى، دېڭىزغا چۈشىدىغان قولۋىقى بولىدۇ. بۇلار ئىچىدە ئۇنىڭ قان تەرى ۋە ئەقىل ـ پاراسىتى سىڭمىگەن بىرەرسىمۇ يوق، ئۇ بۇلاردىن بىر خىل خۇشاللىقا ئېرىشىپ، ھېرىپ ـ چارچاشنى ئۇنتۇپ يا- شايدۇ.

روبىنزوننىڭ قاقاس ئارالدا ھاياتقا ئىنتىلىشتەك سەرگۈزەشتلىرىنىڭ كىشىنى شۇنچىلىك جەلپ قىلا- لىشىنى ھۈنەر ـ سەنئەت ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن خۇشاللىقتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئەمگەك تەق- سىماتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى، پەيدىنپەي ئىنچىكىلىشىشى بىلەن ئوخشاش بولمىغان كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ئىدىيىسى، كۆزقارىشى، تەجرىبىسى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى پەرقى بار- غانسېرى كېڭەيدى، ھەربىر ئادەمنىڭ جەمئىيەتتە ئوي- نىغان مەلۇم بىر جەھەتتىكى رولى بارغانسېرى گەۋدى- لىك بولغان ۋە مەخسۇسلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، ئومۇميۈزلۈك تەرەق- قىي قىلىش ئارزۇسى بوغۇپ قويۇلىدۇ. بۇنداق ئارزۇنىڭ قاندۇرۇلۇشى پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى

ئوقۇغان چاغدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ: باغۋەنچىلىك، ئائىلە تومۇمىچىلىقى، كۆلالچىلىق، ياغاچچىلىق، باقمىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق قاتارلىق ئەمگەكلەرگە خۇددى ئۆزىمىز بېرىپ قاتناشقاندەك، روبىنزوننىڭ ئەمگەكى ياراتقان خۇشاللىقتىن ئوخشاشلا بەھرىمەن بولالايمىز. «پەقەت بىز بارلىق ئىشلارنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلساقلا، ھەربىر ھۈنەر ـ تېخنىكىنى قاچانلا بولسۇن ئىگىلەپ كېتەلەيمىز.» بۇ، ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياجىنى زور دەرىجىدە قاندۇرالايدۇ.

روبىنزوننىڭ قاقاس ئارالدىكى ھايات كەچۈرمىشلىرىنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب ئەركىن مۇھىتتىن ئىبارەت. روبىنزون ئۇ ئارالدا مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە، يەنى ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلغان، ئائىلىسى ياكى جەمئىيەتنىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى ھاجەتسىز، ئۇ قاقاس ئارالنىڭ خوجايىنى، قاقاس ئارال ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئەركىن بولۇش شارائىتلىرى بىلەن تەمىن ئەتكەن. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈنلەي ئۆز ئىختىيارىيلىقى بىلەن ئورۇنلاشتۇرالايدۇ، ئۆزىنى ئۆزى قامدايدۇ. «جۇمە» دىن ئىبارەت مالاي ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلىدۇ، تېخى ئىگىسىنىڭ ئىسمىنى چاقىرالايدىغان بىر شاتۇتىمۇ بار، گەرچە روبىنزوننىڭ شەرت ـ شارائىتى ناھايىتى جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن

روھىي جەھەتتە ئۇ ئۆزى خان، ئۆزى بەگ، بۇ دەل نۇرغۇن ئادەملەر چۈشىدىمۇ ئىنتىلىدىغان ئىش. ئاپتور گۈللىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بۇرژۇئازىيىنىڭ يەككە- يېگانە كۈرەش قىلىش روھىنى يۇقىرى چەككە كۆتۈرۈپ، روبىنزونغا مەركەزلەشتۇرۇپ تەسۋىرلەپ بەرگەن ھەمدە ئۇنى جاپادىن قورقمايدىغان، يەككە- يېگانە جەڭ قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدىغانلارنىڭ ئۈلگىسى قىلغان، شۇنداقلا ئۇنى ئۆزى ياشاۋاتقان دۇنيادىن ئايرىلغان شارائىتتا، تىرىشچانلىقى ھەم ئەقىل- پاراسىتىگە تايىنىپ ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەممىنى بارلىققا كەلتۈرگەن قەھرىمان قىلىپ تەسۋىرلىگەن. ئۇنىڭ قەھرىمانلىق پائالىيىتى كىشىلەرنىڭ قايىللىقىنى قوزغايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ مەڭگۈ ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ.

روبىنزون قاقاس ئارالدا 28 يىل يالغۇز ياشاپ، ئۆز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ھەممىگە ئېرىشىدۇ.

بۇ ھېكايە ھەقىقەتەنمۇ كىشىدە گويا يالغۇز بىر ئادەم جەمئىيەتتىن ئايرىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالايدىغاندەك، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىنكار قىلىپ «تەبىئەتكە قايتسا» بولىدىغاندەك بىر خىل خاتا سېزىم پەيدا قىلىپ قويىدۇ. ئەمەلىيەتتە، روبىنزون ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان «تەبىئىي ئادەم» ئەمەس، بەلكى ماركسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇ بىر «تاسادىپىي ھالدا بىر قاقاس ئارالغا بېرىپ

قالغان، ئاللىقاچان ئىچكى ئىجتىمائىي كۆچكە ئىگە بولغان مەدەنىيەتلىك ئادەم». ئۇ قاقاس ئارالدا 28 يىل يالغۇز ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن باشتىن ئاخىر ئىنسانلار جەمئىيىتى ئاللىقاچان قولغا كەلتۈرگەن مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى يوقىتىپ قويغىنى ھەمدە ئىنسانلار تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسىغا قايتىپ، قانخور ياۋايى ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىنى يوق، بەلكى ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن بولغان ماددىي ۋە مەنىۋى مۇناسىۋىتىنى داۋاملىق ساقلاپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. ئۇ ئارالغا كېلىشتىن ئىلگىرى مۇئەييەن مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ، بىرقەدەر مول بولغان دېڭىز قاتنىشى تەجرىبىلىرىنى توپلىغان، مانا بۇ پۈتۈنلەي ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنىۋى مۇۋەپپەقىيەتلىرىدۇر. ئۇ ئارالدا ياشاش جەريانىدا بۇ تەجرىبىلەرنى تولۇق ئىشلىتىپلا قالماي، بەلكى يەنە ھەر ۋاقىت كېمىدىكى ئوق ـ دورا، قورال ـ ياراغلار، پالتا، ھەرە قاتارلىق سايمانلار، سىياھ، قەغەز، قەلەم قاتارلىق بۇيۇملاردىن ئايرىلغىنى يوق، بۇلارمۇ پۈتۈنلەي ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ياراتقان ئەمگەك قوراللىرى. مەيلى ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە بولسۇن ياكى كۈندىلىك تۇرمۇش جەھەتتە بولسۇن، مەيلى ماددىي جەھەتتە بولسۇن ياكى مەنىۋى جەھەتتە بولسۇن، روبىنزون بىر مەدەنىيەتلىك ئادەم

قىياپىتىنى ساقلاپ كېلىدۇ. ئۇ ئوۋ ئوۋ مىلتىقى ئارقىلىق ئوۋچىلىق قىلىدۇ، زىرائەت تېرىيدۇ، قوي ـ ئۆچكىلەرنى باقىدۇ، بولكا ياسايدۇ، ئۈزۈمنى قۇرۇتۇپ يىمىش ئالىدۇ، قايماق ۋە قۇرت ياسايدۇ، «ئىنجىل» نى ئوقۇپ ئىبادەت قىلىدۇ، كۈندىلىك خاتىرە يازىدۇ، ئاي ـ كۈنلەرنى ھېسابلايدۇ ...مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى مەدەنىيەتلىك ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، روبىنزون گەرچە جەمئىيەتتىن يىراق بولسىمۇ، ئەمما جەمئىيەتتىن ھەقىقىي تۈردە ئايرىلغىنى يوق، بەلكى باشتىن ئاخىر بىر ئىجتىمائىي ئادەم بولۇپ، مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

روبىنزون — ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ يەنى ئەمەلىيەت تەكىتلىنىدىغان 18 ـ ئەسىرنىڭ مەھسۇلى. ئۇ رومانتىزم تەۋەككۈلچىلىرىگە خاس ئالاھىدىلىكنى ھازىرلىمىغان، بەلكى «ئۇ سودا ساھەسىدىكى ئېھتىياتچان، سەگەك سودىگەر». ئۇنىڭ بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرى پەقەت سودىدىكى مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خۇسۇسىي كۆزقاراش ۋە مۇستەملىكىچىلەرگە خاس ئىگىلىۋېلىش ئارزۇسى كۈچلۈك. دوستلۇق، ئىشىنىش ۋە چۈشىنىش دېگەندەكلەر روبىنزوننىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان. بۇنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مىسال شۇكى،

ئۇ قۇللۇق ھالىتىدىن قۇتۇلۇپ قېچىپ چىققاندىن كې-
يىن، ئۆزى بىلەن تەقدىرداش بولغان قارا تەنلىك ياش
يىگىت زولىنى سېتىۋېتىدۇ. «جۇمە» بىلەن بولغان مۇ-
ناسىۋەتتىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ سېپى ئۆزىدىن مەنپەئەتپەرەس-
لىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ئۇ ئۇنىڭ ئىسمى ـ فامىلىسىنى
سورىمايلا، ئۇنىڭغا «جۇمە» دېگەن ئىسمىنى قويۇپ قو-
يىدۇ. ئۇ «جۇمە»گە پەقەت ئىنگلىزچە «ھەئە»، «ياق»
دېگەنگە ئوخشاش ئەڭ ئاددىي سۆزلەرنىلا ئۆگىتىدۇ. ئۇلار
ئارالدىن ئايرىلغان ۋاقىتتا، «جۇمە» ئىنگلىزچىنى ئاران
دۇدۇقلاپ سۆزلىيەلەيتتى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تىل ئا-
لاقىسى پەقەتلا «ياق، جۇمە» ياكى «بولىدۇ، خوجايىن»
دېگەندەك سۆزلەر بىلەن چەكلىنەتتى. بۇ خۇددى كىشى-
لەر ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە چۈشىنىش قاتارلىقلار-
نىڭ ئورنىنى ئىنئام قىلىش بىلەن مىننەتدارلىق بىل-
دۈرۈش ئىگىلىسە بولىدىغاندەك بولۇپ قالغانىدى. دەرۋە-
قە، كېيىنچە روبىنزون زولىغا دېگەنگە ئوخشاش «جۇمە»
ئۈچۈن «نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ بېرىمەن، پەقەت ئۇ
مەندىن ئۇزاق ياشىسىلا» دېگەن، لېكىن «جۇمە» دېڭىزدا
ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا ھېچقانداق
جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمايدۇ.

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ئەنگلىيىدىكى
تۇنجى رومان دەپ تەرىپلەنگەن. نېمە ئۈچۈن بۇنداق تە-
رىپلىنىدۇ؟ چۈنكى، دېفو ئەنگلىيىدە تۇنجى بولۇپ

ئادەتتىكى ئادەملەرنىلا ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ ئوتتۇرا-تۆۋەن قاتلىمىدىكى كىشىلەرنىمۇ تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىپلا قالماستىن، بەلكى لوكاچى ئوتتۇرىغا قويغان «تۇرلۇك ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى بىر گەۋدە قىلىپ تەسۋىرلەش»تىن ئىبارەت يازغۇچىنىڭ ئۆزگىچە ۋەزىپە-سىنى، يەنى بىر ئادەم ياكى بىر توپ ئادەمنى تەسۋىرلى-گەندە، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ماددىي دۇنيا ۋە جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىمۇ تەسۋىرلەشنى تۈنجى بولۇپ ئەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى بۇ شەكىل بىلەن چەكلىنىپ قالمىغان، رومانىدىمۇ كونكرېت ئىجتىمائىي تارىخ پەقەت ئۆزگەرمەيدىغان ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنماي، بەلكى خاراك-تېر تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي ئۆزگىرىشنىڭ بىر ئامى-لى قىلىنغان. ئۇنىڭدا، تەبىئەت ئادەمنىڭ ئىرادىسى بى-لەن دۇنيانىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىدىكى بىر زۆرۈر ئامىل سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. بۇنداق ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش ئادەم بىلەن جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققى-ياتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. دېفو رومانىدا تەسۋىرلىگەن «دۇنيا» مەيلى ئىجتىمائىي ياكى ئىقتىسادىي مەنىدىن ئېيتقاندا بولسۇن، دەرۋەقە ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ئۇ ئۆزى ياشىغان ئارال دائىرىسى بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان. لېكىن بىز ھەمىشە شۇنى ھېس قىلىمىزكى، ئۇ بىر

مۇز تاغقا ئوخشاش بولۇپ، سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرغىنى پەقەتلا ئۇنىڭ بىر قىسمى. بىز شۇنى بىلىۋالالايمىزكى، روھى ئۇرغۇپ تۇرغان، مەنپەئەتپەرەس ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيىنىڭ يەنىلا مەلۇم ئىستىقبالغا ئىگە بولغان چاغدىكى بارلىق ماھىيىتى روبىنزوننىڭ ۋۇجۇدىدا ئىنتايىن ئېنىق گەۋدىلەنگەن.

بۇ ئەسەردە دېفو قىلچە ئىككىلەنمەستىن بۇرژۇئازىيىنىڭ بارلىق ئىلغار ئاملىلىرىنىڭ ئاساسىي يادروسى — ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى — ئاساسىي تېما قىلىپ تاللىغان. گەرچە روبىنزون ئۆزىنىڭ سىنىپىي تەبىئىتىنى مۇكەممەل ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قايسىبىر سىنىپنىڭ ئادىي ئەزاسى ئەمەس، بەلكى بىر تىپ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پۈتمەس - تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ، شارائىتقا قاراپ ئۆزگىرىدىغان جانلىقلىق، كىشىلىك تۇرمۇش ئۈستىدە ئاقىلانە ئىزدىنىش، كەلگۈسى نىشان ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئىقتىدارى، تەجرىبە قىلىش ۋە شاللاش خاراكتېرىدە خىزمەت ئىشلەش ئىقتىدارى، ئەمەلىيەت جەريانىدا داۋاملىق ئىزدىنىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ياكى بۇرژۇئازىيىگە خاس ئالاھىدىلىكلەر ئەمەس، ياكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىيۈزلۈك ھازىرلىغان گۈزەل ئەخلاق ئەمەس. لېكىن 18 - ئەسىردە كاپىتالىزمنىڭ

ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىشى يۇقىرىدا سۆزلەنگەن خىسلەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» نىڭ ئەنگلىيە ھېكايىچىلىقىغا قوشقان تۆھپىسى يەنە دېفونىڭ قەتئىي بولغان رېئالىزملىق پوزىتسىيىسىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئەنگلىيىدە ئۆزئارا باغلىنىشچانلىقى ئىگە ئەدەبىي باياندلارغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، كۈندىلىك تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى توقۇپ يېزىشتىن باشقا، ھېچقانداق بەلگىلىك مۇددىئا يوق ئىدى. ئەمما بۇ ئەسەر بۇ جەھەتتە يېڭىلىق ياراتتى. روبىنزوننىڭ ۋاقىت كۆزقارىشى بۇ نۇقتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. يەنى ئىلگىرىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەبىئەتكە مۇناسىۋەتلىك ۋاقىت تەرتىپى ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىناتتى، ئالدىنقى ۋەقەلىك بىلەن كېيىنكى ۋەقەلىك كۆپىنچە ھاللاردا باغلىنىشچانلىقى ئىگە ئەمەس ئىدى، خۇددى چۈش كۆرگەنگە ئوخشاش باش ـ ئاخىرى يوق ئىدى. ئورۇن مەسىلىسىدىمۇ ئەھۋال يۇقىرىدىكىگە ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئورۇن ھەممىشە ئېنىق تىلغا ئېلىنمايتتى، بەلكى ھەقىقىي يەر ناملىرى بىلەن يالغان يەر ناملىرى بىرلا ۋاقىتتا ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، كىشىنى قايمۇقتۇراتتى. دەسلەپكى ۋاقىتلاردىكى يازغۇچىلار خىيالىي تۇيغۇ بىلەن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئارىلاشتۇرۇۋېتەتتى، لېكىن دېفو

تۈنجى قېتىم ھېكايە سۆزلىگۈچىنىڭ ۋەزىپىسى ھېكا-يىنى ئامال بار جانلىق، ئەمەلىيەتكە يېقىن قىلىپ سۆزلەش، دەپ قارىدى.

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى يەنە پۈتۈن كىتابتا باش قەھرىمان ئەس-لەش ۋە كۈندىلىك خاتىرىسىنى بايان قىلىش شەكلى-نىڭ قوللىنىلغانلىقى جەھەتتىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. باش قەھرىماننىڭ ئوبرازى ئاشۇنداق بايان قىلىش شەكلى ئارقىلىق تېخىمۇ جانلىق گەۋدىلەنگەن، ھېكايە ۋەقەلى-كى ئاجايىپ ـ غارايىپ بولۇپ، كىشىنى تولىمۇ قىزىق-تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ۋەقەلىك ھەقى-قىي ۋە ئىشەنچلىك، كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدى-غان بولۇپ، روماننى ئوقۇغان ئادەم باش قەھرىماننىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ قايغۇرىدۇ، ئۇ-نىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن خۇشال بولىدۇ، ئەسەردە كۈندى-لىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاددىي سۆزلەر قوللى-نىلغان بولۇپ، كىتابخانلار ئوقۇپلا چۈشىنىۋالايدۇ.

ئەلۋەتتە، «روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ئەنگلى-يىدىكى تۈنجى رومان بولۇش سۈپىتى بىلەن، بەدىئىي جەھەتتە، ئۇنىڭدا بىرمۇنچە يېتەرسىزلىك ۋە پىشىپ يېتىلمىگەن جايلارمۇ بار. مەسىلەن، قۇرۇلمىسى بەك ئاددىي، بايان قىلىش ئۇسۇلى بىرلا خىل، ئاددىي، قو-شۇمچە پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگىچىلىكى كەمچىل،

پىسخىك تەسۋىر يېتەرسىز، ۋەھاكازا.

گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، ئەنگلىيىدىكى تۇنجى رو-مان بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇ كىشىلەرگە ئىلھام بەخش ئېتىپ كەلدى. رومان باش قەھرىمانىنىڭ قەي-سەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىش روھى ئىنسانىيەت مە-دەنىيىتىنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشتىكى تۈگىمەس - پۈت-مەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندى، قاقاس، يەك-كە - يېگانە ئارالنى ئېچىپ، ئۆي - ماكان بەرپا قىلغان روبىنزون ھەممە ئادەمگە تونۇلۇپ، دۇنيا ئەدەبىيات تارى-خىدىكى ئۆچمەس ئەدەبىي ئوبراز بولۇپ قالدى.

## ئىجادىيەت ئارقا كۆرۈنۈشى

17 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى بۇرژۇئازىيە بىلەن ئاقسۆڭەكلەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم بىلەن ئاخىرلىشىپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈم ئورنىتىلدى. ئىن-قىلابنىڭ غەلىبىسى كاپىتالىستىك ئىقتىسادنىڭ تە-رەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. سانائەت ئىنقىلابى ئەنگ-لىيىنى دۇنيا بويىچە تۇنجى سانائەت دۆلىتىگە ئايلان-دۇردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەنگلىيە سىرتقا قارىتا ئۈزلۈكسىز كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىپ، نۇرغۇنلىغان مۇستەملىكە ھەم يېرىم مۇستەملىكىلەرگە

ئىگە بولدى.

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» 18 ـ ئەسىردىكى ئەنگلىيە ئاقارتىش ئەدەبىياتىدىكى مۇھىم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەر بولۇپ، تارقىلىش دائىرىسى كەڭ، تەسىرى ناھايىتى زور. بۇنى دېفونىڭ بىر ئۆ- مۈرلۈك رومان ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ كۈچلۈك مەرىپەت- چىلىك ئېڭى ۋە ئىلگىرىلەش روھىنى ئىپادىلەپ، بۇر- ژۇئازىيىنىڭ يۈكسىلىۋاتقان مەزگىلدىكى «خۇسۇسىي ئەركىنلىك» نى تەلەپ قىلىش، شەخسنىڭ ئەقىل ـ پا- راستىنى جارى قىلدۇرۇش، دادىللىق بىلەن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىش ۋە مال ـ دۇنياغا بېرىلىشتەك ئالغا ئىنتىلىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىشتەك مۇستەملى- كىچىلىك سىياسىتىنى مەدھىيىلىگەن. بۇ ئەسەر شوتلاندىيىلىك ماتروس ئالېكساندىر سېرتېكنىڭ ھەقىقىي سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان.

1704 ـ يىلى ماتروس سېرتېك بىلەن كاپىتان ئوت- تۇرىسىدا ئىختىلاپ كېلىپ چىقىپ، كاپىتان تەرىپىدىن جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى مېياندئان فېنارد ئارىلىغا سۈر- گۈن قىلىنىدۇ. ئۇ، ئادەمزات ئاياغ باسمىغان بۇ ئارالدا تۆت يىل تۆت ئاي تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. باشقىلار تەرد- پىدىن بايقالغاندا، ئۇ ئاللىقاچان ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ،

ياۋايى ئادەمگە ئايلىنىپ كېتەيلا دەپ قالىدۇ. سىرتىكىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى شۇ ۋاقىتتا جەمئىيەتتە كۆچلۈك تەسىر قوزغاپ، ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى كىشىلەر تەرىپىدىن كەڭ كۆلەمدە مۇلاھىزە قىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ. 60 ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئەزەلدىن ھېچقانداق ئەدەبىي ئەسەر يېزىپ باقمىغان دېفو بۇ ئىشلاردىن ناھايىتى زور ئىلھام ئېلىپ، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ يېزىق خىزمىتى جەھەتتىكى مول تەجرىبىسىگە تايىنىپ، «روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ناملىق بۈيۈك ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ.

بەزىلەر دېفو بۇ ئەسەرنى پەقەت ماتروسنىڭ قول يازمىسىنى ئازراقلا تولۇقلاش، تۈزەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا يېزىپ چىققان دېيىشىدۇ. بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ ئاساسى يوق. بۇنداق دېيىش ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكىنىڭ ئىپادىسى. دېفونىڭ ئۆزىمۇ «روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك دېگىنى ھاياتىدىكى سەرگۈزەشتىلىرى ھەم تەجرىبىلىرى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگەن. بۇ خىل كۆزقاراش نامۇۋاپىق بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، «روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» ئەمەلىيەتتە دېفونىڭ ھاياتى ۋە ئىدىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، روبىنزوننى شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ـ ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ سىمۋولى دېيىشكە بولىدۇ.

ئۇ تەبىئەتتىن غالىب كېلىپلا قالماي، بەلكى يەنە تە-
بىئەتنىڭ خوجايىنى بولغان. ئۇ باتۇرلارچە خەتەرگە تە-
ۋەككۇل قىلىش روھى ئارقىلىق، شۇ ۋاقىتتىكى يې-
ڭىدىن گۈللەنگەن بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەينى چاغدىكى
جەمئىيەتتىن نارازى بولۇش، دۇنيانى ئېچىش، دۇنيانى
ئىگىلەشتەك ئارزۇسىنى ئىپادىلىگەن. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ
غەرب ئەدەبىيات تارىخىدىكى تۇنجى غايىۋىلەشتۈرۈلگەن
يېڭى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئوبرازى بولۇپ قالغان. دېفو
بۇرژۇئازىيىنىڭ جارچىسى، روبىنزون بولسا ئۇنىڭ ئۆز
غايىسىگە ئاساسلىنىپ يارىتىلغان پېرسوناژ. شۇڭا،
«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» قويۇق دەۋر تۇسىگە
ئىگە.

## پېرسوناژلارنى تونۇشتۇرۇش

روبىنزون: روماندىكى باش قەھرىمان. ئۇ بىر
ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ياش ۋاقتىدا
ئاددىي تۇرمۇشقا قانائەتلەنمەي، تەۋەككۇلچىلىك، قاراملىق
قىلىشقا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ ئۈچ قېتىم يىراق
ئوكيان سودىسى قىلىپ، ئېغىر مۇشكۇلاتلارنى باشتىن
كەچۈرگەن. بىر قېتىم قۇللارنى ئېلىپ-سېتىش سە-
پىرىدە بوران-چاپقۇنلۇق پاراخوت ھادىسىسىگە ئۇچرى-
غان. ئۇ ئۆزى يالغۇز ئادەمسىز يېگانە ئارالغا بارغاندىن

تارتىپ، 20 يىلدىن كۆپرەك ئۆزى يالغۇز ياشاشتەك ھاياتلىق يولىنى باشلىغان. ئۇ ئادەمنى ھەيران قالدۇر-دىغان ئەقىل-پاراسەت ۋە ئىرادىگە ئىگە بولۇپلا قال-ماستىن، بەلكى يەنە ئۇنىڭ كاللىسى بۇرژۇئازىيە ۋە مۇستەملىكىچىلىك ئىڭىغا تولغان. ئۇ گەرچە ئىن-سانلاردىن ئايرىلىپ يالغۇز ياشىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەتراپىتىكى تەبىئىي مۇھىتقا مەنپەئەتپەرەسلىك كۆزقا-رىشى بىلەن مۇئامىلە قىلغان، بولۇپمۇ «جۇمە» نى قۇتقۇزغاندىن كېيىن دەرھاللا خوجايىن ۋە قۇللۇق مۇ-ناسىۋىتىنى ئورنىتىپ، پادىشاھ بولۇۋالغان. ئەنگلىيىگە قايتقاندىن كېيىن، يەنىلا دائىم قايتىپ بېرىپ، ئۆز «تەۋەلىكى» نى تەكشۈرۈپ تۇرغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇرژۇئازىيە روناق تاپقان دەۋردىكى يېڭى بىر ئەۋلاد ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچىلارنىڭ ماھىيىتى بىلەن تىز پۈكمەي، قارامىلىق بىلەن ئالغان ئىلگىرىلەيدىغان روھ بار. شۇڭا ئۇ دۇنيا ئەدەبىيات ساھەسىدىكى بۇرژۇئازىيە-نىڭ تۇنجى تىپىك ئوبرازى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇمە: كىتابتىكى ئاساسلىق پېرسوناژلارنىڭ بىرى. ئۇ بىر ياۋايى ئادەم بولۇپ، باشقا ياۋايى ئادەملەر ئۇنى ئۆلتۈرۈپ زىياپەت يېمەكلىكى قىلماقچى بولغان ۋاقىت-تا، روبىنزون ئۇنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ، ئۇ قاش-كۆزى جا-يىدا ناھايىتى ساغلام بولۇپ، روبىنزوننىڭ ئۇنىڭغا «جۇمە» دەپ ئىسىم قويۇشى ئۇنى قۇتقۇزۇۋالغان كۈننى

ئەسلەش ئۇچۇن ئىدى. ئۇ روبىنزونىنىڭ ئەتراپلىق تەر-بىيىسى ئاستىدا ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىۋالدۇ، دېھقانـ چىلىق قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. ئۇ روبىنزونىنىڭ يارامـلىق ياردەمچىسى ۋە ناھايىتى ياخشى «خرىستىئان مۇرىتى» بولۇپ قالىدۇ.

## ئوقۇش ئەسكەرتمىسى ۋە مۇھىم نۇقتىلار

«روبىنزونىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» دا، باش قەھرىمان روبىنزونىنىڭ پۈتكۈل ھايات كەچۈرمىشلىرى، يەنى بالىلىق دەۋرى، ياشلىق دەۋرى ۋە قېرىلىق دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ دەۋردىكى ئوخشاش بولمىغان ئىدىيىسى، ئوخشاش بولمىغان تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى بىرىنچى شەخس تىلى بىلەن «ئەسلىمە» شەكلىدە بايان قىلىپ بېرىلگەن. بولۇپمۇ قاقاس ئارالدىكى غەيرىي نورمال تۇرمۇشنى نۇقتىلىق ھالدا تەسۋىرلەش ئارقىلىق، ھەم بۇرژۇئاز، ھەم مۇستەملىكىچى سالاھىيىتىگە ئىگە روبىنزونىنىڭ كىشىلىك ھايات تارىخى سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

بۇ رومانىنى ئوقۇغان ۋاقىتتا، باش قەھرىمانىنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە باش ئەگمەي كۈرەش قىلىش روھىنى ئۆگىنىش كېرەك. ئوقۇشلۇق ئەھۋال ئاستىدا ھازىرقى ھالىتى بىلەن قانائەتلىنىپ قالمىغانلار، قىيىن ئەھۋال

ئاستىدا تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئوبدان ياشىغانلارلا غا-
لىبلار ھېسابلىنىدۇ. باللىق دەۋرىدە روبىنزون تىنچ
ھەم ئادەتتىكىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىماي، ئاتا ـ
ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ نەسىھەتلىرىگە قۇلاق سال-
ماي، دۇنيانى پاراخوت بىلەن ئايلىنىپ چىقىش ئارزۇ-
سىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن دادىللىق بىلەن پىكىر
يۈرگۈزۈپ، قىيىنچىلىقتىن قورقماي، باتۇرلۇق بىلەن
كۈرەش قىلىدۇ.

قاقاس ئارالدا ئۇ ھەرگىزمۇ ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ، ئۆ-
زى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ياخشى ـ يامان تەرەپلىرىنى
ئۆزئارا سېلىشتۇرۇپ، ئۆز ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ، ئۇ
ساقلاپ ئولتۇرماي، ئۆزى ئامال ئىزدەپ، قان ـ تەر سەرپ
قىلىپ، ئىككى قولىغا تايىنىپ ئۆي ـ ماكان بەرپا قى-
لىدۇ.

قاقاس ئارالدا تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا روبىن-
زون يەنە سودىگەرلەرگە خاس ئالاھىدىلىكىنى نامايان
قىلىدۇ. ئۇ ئوق ـ دورىلار ۋە ئوزۇق ـ تۈلۈكلەرنى
پىلانلىق ئىشلىتىدۇ. ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ
ياخشىلاش ئۈچۈن، ئۇ ھەر خىل ماتېرىياللاردىن تولۇق
پايدىلىنىپ ئۆزىگە ماددىي تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى
تەييارلاپلا قالماستىن، ئۆزى ئۈچۈن مەنىۋى كۈچمۇ
ئىزدەيدۇ.

ھېكايە ۋەقەلىكىنىڭ چىنلىقى ھەم كونكرېتلىقى

دېفو ھېكايىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر. ئاپتور بۇ رومانىنىڭ كىرىش سۆزىدە «بۇ كىتاب پۈتۈنلەي ھەقىقىي ۋەقەلەر ئاساسىدا يېزىلغان، ئازراقمۇ ئويدۇرما يوق» دەپ يازىدۇ. ئۇ قىياس قىلغان شەيئىلەرنى ناھايىتى ھەقىقىي قىلىپ يازىدۇ، ھەر خىل شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنىمۇ توغرا، جانلىق ۋە تەپسىلىي ـ ئىنچىكە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇ قاقاس ئارالنى تەسۋىرلىگەن چاغدا، ئارالنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئۇنىڭدىكى تاغلارنىڭ ئېگىزلىكى، يەرلىك مەھسۇلاتلىرى، ئورمانلىرى، دېڭىز ساھىلى، قۇملۇقلىرى ۋە ئۆڭكۈرلىرى قاتارلىقلارغا دائىر ئەھۋاللارنى كونكرېت بايان قىلىدۇ؛ ئۇ يەنە بوران ـ چاپقۇن، يامغۇر، تېمپېراتۇرا، دېڭىز ئېقىمى قاتارلىق تەبىئەت ھادىسىلىرىنىمۇ بايان قىلىدۇ. بولۇپمۇ روبىنزوننىڭ ئارالدىكى تۇرمۇشىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەنلەرنى ھەقىقىي ئىشەندۈرىدۇ، بۇ ئەسەردىكى ھەقىقىي تەپسىلاتلار تەسۋىرى بىز ئۆگىنىدىغان تەرەپلەردۇر.

رومانىنى ئوقۇغان ۋاقىتتا، يازغۇچىنىڭ بىرىنچى شەخس تىلىدا بايان قىلىش ئۇسۇلىنى، شۇنداقلا «ئەسلىمە» شەكلىدە يېزىش ئارقىلىق كىتابخانلارنى ئىشەندۈرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە ۋەقەلەرنى تۇتۇۋېلىپ يېزىشقا ماھىرلىقىنىمۇ ئۆگىنىشىمىز كېرەك. 60

ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان دېفو كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي ئادەم، ھەقىقىي ئىشلار توغرىسىدا قىلىشقان مۇلاھىزىلىرىنى ئاڭلاپ ھاياجىنى ئۇرغۇپ، ئۇنى ئۆز كەچۈرمىشلىرى ۋە ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، ئەپسانىۋى تۈس ئالغان، ئادەمنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدىغان «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزو» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى يېزىپ چىققان. ۋەھالەنكى، بىرمۇنچە كىشىلەر (بىر ماتروسنىڭ بىر قاقاس ئارالغا بېرىپ قېلىپ، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ قۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۆلۈپلا قويغان). شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىتابتا پەقەت سىزنى ئىشەندۇرىدىغان ھەرقانداق بىر تەپسىلاتلا بولىدىكەن، ئۇنداقتا بىز يازغۇچىنىڭ ئاجايىپ تەسەۋۋۇر قىلىش كۈچى، مول تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە ھېچقانداق پەردازسىز بايان قىلىش ماھارىتىگە قايىل بولماي تۇرالمايمىز. قىسقىسى، يازغۇچىنىڭ مول تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارى ۋە رېئاللىققا يېقىن قىلىپ سۈرەتلەنگەن خىيالىي مەنزىرە دەل بىزنىڭ دىققەت قىلىدىغان جايلىرىمىزدۇر.

«روبىنزوننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى» قۇرۇلما جەھەتتىن ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئەسەرنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە كىشىنى ئەڭ تەسىرلەندۈرگۈدەك قىلىپ يېزىلغان قىسمى ئىككىنچى قىسىمدۇر. بۇنىڭدا، ئارالدىكى ناچار شارائىت ۋە ئارالدا يېگانە ياشاپ تەبىئەتكە قارشى جەڭ ئېلان قىلىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىش جەريانى يېزىلغان.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "NDAzMjY1MDUuemlw",
"filename_decoded": "40326505.zip",
"filesize": 10631392,
"md5": "3cdc5c6bfb02ddeda94f6bcd7f3d8a8c",
"header_md5": "c1e4d02efc49493b675197e9b87b33b0",
"sha1": "fe700256ff8ac3ff7f6aaf81cd1762b6f4a01849",
"sha256": "e3171ffd3bf0233f1df2b5573a025f05d6a34efe640653db465c715d5070e53d",
"crc32": 2231100057,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 10980439,
"pdg_dir_name": "\u252c\u2502\u2592\u00f7\u2564\u2556\u255e\u00bb\u2534\u2248\u255d\u255f\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40326505",
"pdg_main_pages_found": 174,
"pdg_main_pages_max": 174,
"total_pages": 186,
"total_pixels": 504559872,
"pdf_generation_missing_pages": false
}